# ئۇچقۇن

شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيىنىڭ ئورگان گېزىتى

ھەپتىلىك سىياسىي - ئىلمىي گېزىت

گېزىتىمىز 1999 - يىلى 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن ئېتىبارەن نەشىر قىلىنماقتا

1999 - يىلى 11 - ئاي

30 - سان

گېرمانىيىدە نەشىر قىلىندى

Eastern Turkistan
Information Center


باش ماقالە:

## 2 - قېتىملىق « شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللىي قۇرۇلتىيى »نىڭ جەڭگىۋار روھىنى تولۇق ئەمەللەشتۈرۈپ، ۋەتەن داۋاسىنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرەيلى!

( 1992 - يىلى ئىستامبۇلدا چاقىرىلغان تۇنجى نۆۋەتلىك « شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيى » نىڭ سابىق رەئىسى ۋە گېزىتىمىزنىڭ تەھرىر ھەيئەت ئەزاسى ئەخمەت ئىگەمبەردىنىڭ، گېزىتىمىزگە ۋاكالىتەن يازغان مەخسۇس ئوبزورى ( مەزمۇنى 2 - بەتتە )

## 2 - نۆۋەتلىك « شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللىي قۇرۇلتىيى » نىڭ قارارى

1999 - يىلى 10 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن 16 - كۈنىگىچە گېرمانىيەنىڭ مىيونخېن شەھرىدە 2 - نۆۋەتلىك « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » مۇۋاپىقىيەتلىك ھالدا چاقىرىلدى. قۇرۇلتاي ئاياقلاشقاندا، قۇرۇلتاي رەئىسى ئەنۋەرجان مىللىي قۇرۇلتاي نامىدىن تۆۋەندىكى قارارنى ئېلان قىلدى: ( داۋامى 3 - بەتتە )

## پوسكام نېفىت - خىمىيە زاۋۇتىنىڭ نېفىت ۋە تەبىئىي گاز يەتكۈزۈپ بېرىش تۇرۇبىسى پارتىلىتىۋېتىلدى

ئۆز مۇخبىرىمىز ئۇچقۇننىڭ ۋەتەندىن بىۋاستە بەرگەن خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، 1999 - يىلى 10 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ پوسكام ناھىيىسىگە جايلاشقان « پوسكام نېفىت خىمىيە زاۋۇتى » نىڭ نېفىت ۋە تەبىئىي گاز يەتكۈزۈش تۇرۇبىسى نامەلۇم كىشىلەر تەرىپىدىن بومبا قويۇپ پارتىلىتىۋېتىلگەن، پارتىلاشتىن كېيىن، پۈتۈن زاۋۇتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسى بىرمەھەل پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالغان. ۋەقەدىن كېيىن خىتاي ساقچى دائىرىلىرى پوسكام تەۋەسىدە جىددىي ئاختۇرۇش تۈتۈش ھەرىكىتى ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، ئەمما ۋەقەنى پەيدا قىلغۇچىلار ھەققىدە ھېچقانداق يىپ ئۇچىغا ئېرىشەلمىگەن.

پوسكام نېفىت خىمىيە زاۋۇتى - « جەنۇبىي شىنجاڭ نېفىت قوماندانلىق شىتابى » تەرىپىدىن تەسىس قىلىنغان بولۇپ، باشقۇرۇش جەھەتتىن بىۋاستە ھالدا « خىتاي نېفىت - تەبىئىي گاز باش شىركىتى » گە قارايدۇ.

## خىتايغا قارشى ھەرىكەتلەر پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان مىقياسىدا جانلىنىشقا باشلىدى

ئۆز مۇخبىرىمىز ئۇچقۇننىڭ ۋەتەندىن بىۋاستە يوللىغان دەسلەپكى خەۋىرى قارىغاندا، پۇقەت 1999 - يىلى 10 - ئاي ئىچىدىلا غۇلجا شەھرىدىكى « خەلق باغچىسى » دا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 7 ئورۇنغا خىتاي ھاكىمىيىتىگە قارشى ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى تەلەپ قىلىنغان شوئارلار چاپلانغان؛ ئۇندىن باشقا شۇناي ئىچىدە يەنە چۆچەك، ئاقسۇ ۋىلايىتىگە قاراشلىق كۇچار، توقسۇ، شايار ناھىيىلىرىدە خىتايغا قارشى قوراللىق ھەرىكەتلەر ئېلىپ بېرىلغان، مۇخبىرىمىزنىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا يۇقارقى ۋەقەلەر خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىچكى ھۆججەتلىرىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، ئەمما ۋەقەنىڭ جەريانى ۋە سەۋەبى ئېنىق بايان قىلىنمىغان. گېزىتىمىزنىڭ كېيىنكى سانلىرىدا بۇھەقتە يەنىمۇ تەپسىلىي مەلۇمات بېرىشكە تىرىشىمىز.

## ئەركىن ئالپتېكىن « ئۇنپو » نىڭ باش كاتىپلىقىغا تەيىنلەندى



ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى: بۇيىل 10 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، قىسقارتىلغان نامى « ئۇنپو » دەپ ئاتالغان « بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا ۋەكىلى بولمىغان مىللەتلەر تەشكىلاتى » نىڭ ئىجرائىيە كومىتېتى رەسمىي قارار چىقىرىپ، گېرمانىيەدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر سىياسىيون ئەركىن ئالپتېكىننى مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ باش كاتىپلىقىغا تەيىنلىگەنلىكىنى ئېلان قىلدى. ( داۋامى 4 - بەتتە )

## تۈركىيەدە شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيەتلىرى خاتىرلەندى

ئۆز مۇخبىرىمىز ئىلتەبىر خەۋەر قىلىدۇ: بۇيىل 11 - ئاينىڭ 11 - كۈنى تۈركىيەنىڭ ئىستانبۇل شەھرىدە، 1933 - يىلى قەشقەردە قۇرۇلغان « شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى » نىڭ 66 - يىللىقى ۋە 1944 - يىلى غۇلجىدا قۇرۇلغان « شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى » نىڭ 55 - يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن خاتىرىلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. تۈركىيەدىكى « شەرقىي تۈركىستان ۋەخپى » بىلەن ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى ئورمان فاكولتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان ۋە مەزكۇر فاكولتېتنىڭ يىغىن زالىدا ئۆتكۈزۈلگەن بۇقېتىمقى خاتىرىلەش يىغىنىغا، « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » نىڭ پەخرىي رەئىسى ۋە « شەرقىي تۈركىستان ۋەخپى » نىڭ رەئىسى گېنېرال مۇھەممەت رىزا بېكىن باشچىلىقىدىكى بىر تۈركۈم شەرقىي تۈركىستانلىقلار ۋە ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بەزى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلىرى ئىشتىراك قىلدى. (داۋامى 4 - بەتتە )

« شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نەشىر قىلدى

**باش ماقالە:**

# 2 - قېتىملىق « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » نىڭ جەڭگىۋار روھىنى تولۇق ئەمەللەشتۈرۈپ، ۋەتەن داۋاسىنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرەيلى!

**قەدىرلىك ۋەتەنداشلار:**

دۇنيادىكى 10 دۆلەتتىن 16 تەشكىلاتنىڭ ۋەكىللىرىنىڭ ۋە بىرقىسىم مەشھۇر جامائەت ئەرباپلىرىمىزنىڭ ئىشتىراكى بىلەن بۇيىل 10 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن 16 - كۈنىگىچە ياۋروپانىڭ يۈرىكى بولغان گېرمانىيەنىڭ مىيونخېن شەھىرىدە تارىخى ئەھمىيەتكە ئىگە 2 - نۆۋەتلىك شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيى تەنتەنىلىك ھالدا ئۆتكۈزۈلدى، شۇنداقلا يىغىن ۋەكىللىرىنىڭ بىردەك ماقۇللىقى بىلەن، تاشقى دۇنيادىكى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ خەلقئارادىكى بىردىن - بىر ئالىي ئورگىنى — « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى قۇرۇلۇپ چىقىلدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن مىللىي قۇرۇلتىيىمىزنى چىن دىلىمىزدىن قىزغىن تەبرىكلەيمىز ھەم مىللىي كۈرىشىمىزگە مۇۋەپپىقىيەتلەر تىلەيمىز!

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، بۇنىڭدىن 7 يىل مۇقەددەم، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا پائالىيەت قىلىۋاتقان بارلىق شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى تۈركىيەنىڭ ئىستامبول شەھرىگە جەم بولۇپ، تارىخى ئەھمىيەتلىك 1 - قېتىملىق « خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيى » نى ئېچىپ، دەسلەپكى قەدەمدە شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنىڭ ستراتېگىيە ۋە تاكتىكا مەسىلىرىنى مۇزاكىرە قىلىپ، جەڭگىۋار پروگرامما ۋە خىتاپنامىلەرنى ئېلان قىلغان ئىدى.

ئۈنجى قېتىملىق قۇرۇلتايدا ئېلىنغان سىياسەت ۋە قارارلار ئاساسىدا، خەلقئارادىكى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى ئاساسى جەھەتتىن ئىدىيەدە بىرلىككە كېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىمكانىيەتلىرى يار بەرگەن ئاساستا، شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈشتە كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشىپ، تارقاقلىشىشتىن بىرلىشىشكە، ئىتتىپاقسىزلىقتىن ئىتتىپاقلىققا، ئاجىزلىقتىن كۈچلىنىشكە، پارتىزانلىقتىن مۇنتىزىملىشىشكە، ئازچىللىقتىن كۆپچىللىككە يۈزلىنىپ، دوست، دۈشمەن ۋە بىزگە ھېداشلىق قىلغۇچىلارنىڭ مىللىي داۋايىمىزغا بولغان دىققەت - ئېتىۋارىنى قوزغىيالىغان ئىدۇق. لېكىن بەزى ئىچكى ۋە تاشقى سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن، خەلقئارادىكى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىمىزنىڭ ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى خەلقىمىزنىڭ ئارزۇ - ئارمان، جانىجان مەنپەئەتلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئابرۇيلۇق، كۈچلۈك تەشكىلى ئاپپاراتىمىزنى تىكلەپ كېتەلمىدۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەملىكەت ئىچىدىكى قەھرىمان خەلقىمىزنىڭ ئىنقىلاۋى ھەركەتلىرى ۋە خەلقئارادىكى ئاھايىتى تېزدىن ئۆزگىرىۋاتقان ۋەزىيەتتىن كېيىن قالدۇق.

كوممۇنىستىك خىتاي باسقۇنچىلىرى شەرقىي تۈركىستاننى قانۇنسىز بېسىۋالغان 50 يىلدىن بۇيان، خەلقىمىزنىڭ ئىنسان ھوقوقى، دېموكراتىيە ۋە ئۆز تەغدىرىنى ئۆزى ھەل قىلىش ھەققىدىكى تېنىچ ئىنسانى ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى ھېچقاچان نەزەرگە ئالغىنى يوق. خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى تېنىچلىقپەرۋەر خەلقىمىزنىڭ قانۇنى، سىياسى تەلەپلىرىنى تېنىچ يول بىلەن ھەل قىلماي، خەلقىمىزنى ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن قوراللىق توقۇنۇشلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشقا مەجبۇرلىدى. بېيجىڭ دائىرلىرىنىڭ ئاسىمىلاتسىيەنى ۋە قىرغىنچىلىقنى ئاساس قىلغان دۆلەت تېرور سىياستى يېرىم ئەسىردىن بۇيان كۈن ساناپ كۈچەيسە - كۈچەيدىكى، ھېچ ئاجىزلاشمىدى. مەسىلەن، 1990 - يىلى ئاپرېل « بارىن ئىنقىلاۋى »، 1995 - يىلى « 7 ئىيۇل خوتەن ۋەقەسى »، 1997 - يىلى فېۋرالدىكى « غولجا ۋەقەسى » قاتارلىق خەلقىمىزنىڭ سىياسى كۈرەشلىرىنى بېيجىڭ ھۆكۈمرانلىرى رەھىمسىزلارچە قانلىق باستۇردى.

خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ مۇستەملىكىلىرىدە، بولۇپمۇ شەرقىي تۈركىستاندا مىللىتىمىزنى دۇنيا خەرىتىسىدىن ئۆچۈرۈپ تاشلاش ئۈچۈن، مىللىتىمىزگە قارىتا قىرىپ يوقۇتۇش سىياستىنى يۈرگۈزىۋاتىدۇ. ئۇلار دۇنيانىڭ بەزى جايلىرىدا يۈز بەرگەن تېرورىستىك ۋەقەلەرگە قارىتا غەرىپتىكى بەزى مەملىكەتلەر تەرىپىدىن قوللىنىلىپ كېلىۋاتقان « تېرورىزىم »، « فوندا مىنتالىزىم » دېگەندەك ئاماللارنى ئۆزلىرىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك سىياسەتلىرىگە سۇيىئىستىمال قىلىپ، خەلقىمىزنىڭ ئۆز - ئۆزىنىڭ قانۇنى ھوقۇقىنى قوغداش مەقسىدىدە تېنىچ، سىياسى يول بىلەن ئېلىپ بېرىۋاتقان ھەرىكەتلىرىنى رەھىمسىزلەرچە قانلىق باستۇرىۋاتىدۇ.

نۆۋەتتە بىزنىڭ مىللىي داۋايىمىزدا دۇچ كېلىۋاتقان جىددى مەسىلىلەر شۇكى، سىياسى كۈرەش بىلەن قوراللىق كۈرەشنىڭ مۇناسىۋىتى، مىللىي داۋايىمىزنىڭ ئىسلام دۇنياسى بىلەن غەرىپ دۇنياسىدىكى يۆلۈنۈشى، دېموكراتىك خىتايلار بىلەن بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەر ... قاتارلىق بىر قاتار مەسىلىلەردە خەلقئارادىكى بەزى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى ۋە بەزى مەسئۇللىرىمىزنىڭ بۇ ساھادىكى سىياسەتلەرگە تۇتقان پوزىتسىيەسى ۋە ھەل قىلىش ئۇسۇلى ھەر خىل بولىۋاتىدۇ، شۇڭا، شەرقىي تۈركىستان داۋاسىدىكى بۇ خىل ھەل قىلغۇچ مەسىلىلەرنى ھەل قىلماي، پىكىردە، ئىدىيەدە، ئىشتا بىرلىككە يەتمەي، شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنى غەلبىلىك ئېلىپ بارغىلى بولمايدۇ.

بولۇپمۇ يېقىنقى مەزگىللەردىن بۇيان ئامېرىكا ۋە ياۋروپانى ئاساس قىلغان ھۆر دۇنيا مەملىكەتلىرى بېيجىڭ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئۆز مۇستەملىكىلىرىدە، خىتاي يۈرگۈزىۋاتقان دۆلەت تېرور سىياستىنى پەيدىن - پەي چۈشىنىپ يېتىپ، « بېيجىڭ » ماركىلىق بۇ قىزىل ياللۇۋۇزنىڭ سوغاق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىن كېيىن ئاسىيا ۋە دۇنيانىڭ تېنىچ - ئامانلىقىغا تەھدىد سېلىپ، دۇنياغا خوجا بولۇش غەرىزىدە تۇرىۋاتقان بىردىن - بىر خەتەرلىك كۈچ ئىكەنلىكىگە كۆزى يېتىۋاتىدۇ، شۇنداقلا ئۇلار، 2 - دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئالدى - كەينىدە خىتاي ئىمپېرىيالىزىمىغا شەرقىي تۈركىستان، مانجۇرىيە، ئىچكى موڭغۇلىيە ۋە تىبەتكە ئوخشاش مۇستەملىكىلىرىنى قوشۇپ قويۇپ ئۆتكۈزگەن دۇنيا ستراتېگىيەسىدىكى زور خاتالىقنى تونۇۋاتىدۇ. شۇڭا ئۇلار خىتاينىڭ دۇنيا بازىرى بولۇشتەك ئەۋزەللىكىگە قارىماي، شەرقىي تۈركىستان ۋە ئۇيغۇرلارغا دىققەت - ئېتىۋارىنى ئالاھىدە تىكمەكتە.

يېقىنقى بىر - ئىككى يىلدىن بۇيان بىزنىڭ مىللىي داۋايىمىزغا، ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستانغا قىزىقىۋاتقان مەملىكەتلەر كۆپەيمەكتە. ئامېرىكا ۋە ياۋروپادىكى كۆپلىگەن مەملىكەتلەرنىڭ مىللىي پارلامېنتلىرى، خەلقئارا تەشكىلاتلار ئۆزلىرىنىڭ يىغىنلىرىغا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋەكىللىرىنى ئۆزلىرى چاقىرىپ، شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنى دۇنياغا ئاڭلىتىشتا ئالاھىدە رول ئويناۋاتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن، خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى « شىنجاڭ » دېگەن قانلىق قەپەزدە ئۆچۈقتۈرۈپ، ئۇنىڭ داۋاسىنى دۇنياغا ئاڭلاتمايمەن، دېگەن خام خىياللىرى تامامەن بىت - چىت بولدى. بۇ يىل بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ جەنۋەدىكى ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتى چاقىرغان ئۆزىنىڭ 55 - قېتىملىق ئومومى يىغىنىدا، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنسان ھەقلىرىنى ئېغىر ھالدا دەپسەندە قىلىۋاتقانلىقىغا ئائىت 92 - بەتلىك ئومومى دوكلاتى 100 دىن ئوشۇق مەملىكەتلەردىن كەلگەن ۋەكىللەرگە، پارلامېنت ئەزالىرىغا، خەلقئارا تەشكىلاتلارغا تارقىتىپ بېرىلدى. بۇ، خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ بېشىغا چۈشكەن ئەجەللىك بومبا بولدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن بىز، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ بۇ ھەققانى، دادىل ھەرىكىتىنى چىن دىلىمىزدىن تەبرىكلەيمىز ۋە خەلقىمىز نامىدىن ئۇلارغا تۈگۈمەس تەشەككۈرلىرىمىزنى ئىزھار قىلىمىز.

مۇشۇنداق بىر ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەت ئاستىدا، خەلقىمىزنىڭ كۈچلۈك ئارزۇ - تەلەپلىرىگە ئاساسەن گېرمانىيەدىكى « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىگى »، « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماسسىيون مەركىزى » ۋە « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » نىڭ تەشكىللىشى، « خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان مىللىي مەركىزى » نىڭ قوللۇشى، گېرمانىيە ۋە باشقا ئەللەردىكى شەرقىي تۈركىستانلىق قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ماددى ياردىمى بىلەن خەلقئارادىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ تارىخىدا زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان 2 - قېتىملىق « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » گېرمانىيەنىڭ مىيونخېن شەھرىدە غەلىبىلىك ھالدا ئېچىلدى. بۇقېتىمقى قۇرۇلتايغا خەلقئارادىكى 10 دىن ئارتۇق مەملىكەتلەردە ئىستىقامەت قىلىۋاتقان تەشكىلاتلارنىڭ ۋەكىللىرى قاتناشتى.

سىزلەرگە مەلۇمكى، تاشقى دۇنيادىكى مىللىي مۇجادىلىمىز، شەرقىي تۈركىستانلىق مىللىي رەھبەرلىرىمىزدىن مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا، ئەيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىنلەر رەھبەرلىكىدە 50 - يىللارنىڭ بېشىدىن باشلاپ تۈركىيەنى ئاساس قىلغان ھالدا ئوتتۇرا شەرىق مەملىكەتلىرىدىن باشلانغان ئىدى. ھازىرقى دۇنيا ۋەزىيىتىنىڭ تەقەززاسىغا ئاساسەن، داۋايىمىزنىڭ مەركىزىنىڭ ياۋروپانىڭ يۈرىگى بولغان گېرمانىيەگە يۆتكىلىشى — شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنىڭ يېڭى بىر باسقۇچقا كىرگەنلىكىدىن، دۇنيا ۋەزىيىتىنىڭ داۋايىمىزغا پايدىلىق تەرەپكە يۈزلەنگەنلىكىدىن دېرەك بەردى. قۇرۇلتايىمىز بۇندىن كېيىنكى پائالىيەتلىرىمىزنى تېخىمۇ ئېنىق، تېخىمۇ نىشانلىق، تېخىمۇ مەركەزلىك ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، قۇرۇلتاي نەتىجىسىدە قۇرۇلتىيىمىزنىڭ رەھبەرلىك ئورگىنى ئاساسى جەھەتتىن ياشلاشتۇرۇلدى، قۇرۇلتاي دائىمى كومىتېتىغا تارىخىمىزدا 1 - قېتىم ئاياللاردىن 2 ۋەكىل كىرگۈزۈلدى. بۇ قېتىمقى قۇرۇلتايدا دېموكراتىيە تولۇق جارى قىلدۇرۇلۇپ، ئۆز ئارا پىكىرلىشىش، دوسلۇق، قېرىنداشلىق روھىدا ئۆتتى، قۇرۇلتايدا قوبۇل قىلىنغان نىزامنامە، قارار، خىتاپنامىلەر 1 - قۇرۇلتاي ئېچىلغاندىن كېيىنكى 7 يىل جەريانىدا قېرىنداشلىرىمىزنىڭ شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنى ئېلىپ بېرىشتىكى سەۋىيەسىنىڭ يۇقۇرى كۆتۈرۈلگەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

قۇرۇلتاي، ئىتتىپاقلىق، ھەمدەملىك روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، داۋايىمىزنىڭ ئۆزۈن تارىخى مۇساپىسىنى ئەسلەپ، مەسلىلەرگە ئىلمىي پوزىتسىيە بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، كونا ئەنئەنە ۋە قاراشلارغا تەنقىدى نەزەردە قاراپ، داۋايىمىزنى ئىمكان قەدەر دۇنياغا يۈزلەندۈرۈشكە تىرىشىپ، يېڭى سىياسەت، يېڭى تاكتىكىلارنى بەلگىلەپ، ۋەتەن - خەلقىمىزنىڭ مەنپەئەتىگە پايدىلىق نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. ئۇيغۇر خەلقى تىنىچ، خاتىرجەم، دېموكراتىك ئاساستا ئۆز ۋەتىنى شەرقىي تۈركىستاندا ئەركىن ياشاشنى خالايدۇ ھەم شۇنداق ياشاشقا قادىر مىللەتتۇر، تارىخلاردىمۇ شۇنداق بولغان، بۇندىن كېيىنمۇ شۇنداق قىلىپ ياشىيالايدۇ. مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان ھېچبىر زامان ئاسىيا ۋە دۇنيا تېنىچلىقىغا تەھدىد سېلىپ دۇنيا خەلقلىرىگە زىيان كەلتۈرمەيدۇ. ئەكسىچە، كوممۇنىستىك خىتايلارنىڭ كېڭەيمىچىلىكى ۋە زوراۋانلىقىنى توسۇپ، دۇنيا تېنىچلىقى ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشىدۇ. ئەگەر شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىل بولغان بولسا ئىدى، خىتاي شەرقىي تۈركىستاننىڭ بايلىقىدىن ۋە كەڭ زېمىندىن پايدىلىنىپ بۈنچىلىك كۈچلۈنۈپ ئاتوم مەملىكىتىگە ئايلىنىپ كېتەلمەيتى. شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىل بولغان بولسا، خىتاي بۈگۈنكىدەك دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ مەملىكەت بولۇپ، دۇنيانىڭ خوجايىنلىقىنى تالىشالمايتى. شەرقىي تۈركىستاننىڭ بايلىقى بۈگۈن كوممۇنىستىك خىتاينىڭ ئىنفىرئالىستىك كېڭەيمىچىلىكى ئۈچۈن ئاساسى بايلىق مەنبەسى بولىۋاتىدۇ.

( داۋامى 3 - بەتتە )

« شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نەشر قىلدى

# 2 ـ نۆۋەتلىك « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » نىڭ قارارى

1999 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىن 16 ـ كۈنىگىچە گېرمانىيەنىڭ ميونخېن شەھرىدە 2 ـ نۆۋەتلىك « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى مۇۋاپىقىيەتلىك ھالدا چاقىرىلدى. قۇرۇلتاي ئاياقلاشقاندا، قۇرۇلتاي رەئىسى ئەنۋەرجان، مىللىي قۇرۇلتاي دائىمىي كومىتېتى نامىدىن تۆۋەندىكى قارارلارنى ئېلان قىلدى:

1. ۋەتىنىمىزنىڭ نامى ـ شەرقىي تۈركىستاندۇر؛

2. شەرقىي تۈركىستانىنىڭ دۆلەت گېربى ۋە مىللىي بايرىقى ـ 1933 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى قەشقەردە قۇرۇلغان مۇستەقىل « شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى » ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان دۆلەت گېربى ۋە ئاي ـ يۇلتۇزلۇق كۆك بايراقتۇر؛

3. مىللىي قۇرۇلتىيىمىزنىڭ ئاساسىي مەقسىدى ـ شەرقىي تۈركىستانىنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق كۈرىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت بولۇپ، بىز شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، شەرقىي تۈركىستان خەلقى پەقەتلا تولۇق مۇستەقىللىقنى قولغا ئېلىش ئارقىلىقلا ھەقىقىي ئەركىنلىك ۋە بەختكە ئېرىشەلەيدۇ؛

4. مىللىي قۇرۇلتىيىمىز ـ مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئازاتلىق ھەرىكىتىنىڭ خەلقئارادىكى بىردىن ـ بىر تولۇق ھوقۇقلۇق قانۇنىي ۋەكىلى ھېساپلىنىدۇ، ئۇ، ۋەتىنىمىزنىڭ ۋە مىللىتىمىزنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك بارلىق ئىشلاردا سۆھبەت ئۆتكۈزۈش، كېلىشىم تۈزۈش، ئىمزالاش، بىكار قىلىش، ئاخبارات ياكى بايانات ئېلان قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە، مىللىي قۇرۇلتىيىمىز ـ خىتاي ئىچىدە يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ھەرقانداق پەۋقۇلئاددە زور بىر سىياسىي ئۆزگۈرۈشنى نەزەردە تۇتقان ھالدا، ۋەتەن سىرتىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان مىللىي ئازاتلىق ھەرىكىتىمىزنىڭ ستراتېگىيەسىنى، تاكتىكىسىنى بەلگىلەيدۇ ۋە ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ؛

5. مىللىي قۇرۇلتىيىمىز ـ شەرقىي تۈركىستاندا خەلقىمىز تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بارلىق مۇستەقىللىق ۋە ئەركىنلىك كۈرەشلىرىنى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەيدۇ ۋە ئۇنىڭغا ماسلىشىپ ھەرىكەت قىلىدۇ؛

6. مىللىي قۇرۇلتىيىمىز — تاشقى دۇنيادا شەرقىي تۈركىستان مىللىي ھەرىكىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقان بارلىق تەشكىلات ۋە شەخسلىرىمىزنى ئورتاق غايە ئاستىدا قۇرۇلتىيىمىز ئەتراپىدا بىرلەشتۈرۈشكە تىرىشىدۇ؛

7. مىللىي قۇرۇلتىيىمىز ـ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلغان ۋە ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلغان، خىتايدىكى كوممۇنىستىك رېجىمغە قارشى پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان خىتاي دېموكراتىك تەشكىلاتلىرى ۋە زاتلىرى بىلەن ھەمكارلىشىدۇ؛

8. مىللىي قۇرۇلتىيىمىز ـ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ئوخشاش خىتاينىڭ بېسىمى ۋە زۇلمى ئاستىدا ياشاۋاتقان تىبەت ۋە ئىچكى موڭغۇلىيە خەلقلىرىنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى ھەققانىي كۈرەشلىرىنى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەيدۇ ۋە ئۇلار بىلەن ئېلىپ بېرىۋاتقان ھەمكارلىقىنى ئۈزلۈكسىز ھالدا كۈچەيتىشكە تىرىشىدۇ، شۇنداقلا خىتاي ھۆكۈمىتىنى شەرقىي تۈركىستان، تىبەت ۋە ئىچكى موڭغۇلىيەدىكى تاجاۋۇزچىلىق ۋە مۇستەملىكىچىلىكىدىن دەرھال ۋاز كېچىشكە، بۇ مەملىكەتلەردىكى مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەشتەك ھەققانىي ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىشقا چاقىرىدۇ؛

9. مىللىي قۇرۇلتىيىمىز ـ مىللىي داۋايىمىزنى خەلقئارا سەھنىگە ئېلىپ چىقىپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرىغا، دۇنيا ئىسلام كونفىرانسى، « بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا ۋەكىلى بولمىغان مىللەتلەر تەشكىلاتى » ۋە باشقا خەلقئارالىق تەشكىلاتلارغا، شۇنىڭدەك دۇنيا دۆلەتلىرىگە يەتكۈزۈپ، ئۇلارنىڭ قوللىشىنى ۋە ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىدۇ؛

10. مىللىي قۇرۇلتىيىمىز ـ 1996 ـ يىلى گېرمانىيەنىڭ ميونخېن شەھرىدە قۇرۇلغان « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » نىڭ پائالىيەتلىرىنى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەيدۇ ۋە ئۇلار بىلەن بولغان ھەمكارلىقىنى داۋاملاشتۇرىدۇ، شۇنداقلا ياشلار قۇرۇلتىيىنىڭ ئۆزىنىڭ نىزامنامىسىگە ماس ھالدا مىللىي قۇرۇلتىيىمىزنىڭ ياشلار كومىتېتى سۈپىتىدە يەر ئېلىپ پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىنىڭ، مىللىي داۋايىمىزنى يەنىمۇ كۈچلەندۈرىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ، مىللىي قۇرۇلتىيىمىز، ياشلار قۇرۇلتىيى رەھبەرلىك ئورگىنىنى ئەڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بۇ يولدا ئىجابىي قەدەم تاشلاشقا چاقىرىدۇ ۋە قۇرۇلتاي رەھبەرلىك ئورگىنىمىزمۇ بۇ مەقسەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن ئەمەلىي ھەرىكەتكە كىرىشىدۇ؛

11. مىللىي قۇرۇلتىيىمىز ـ چەتئەللەردە ياشاۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىقلار ئارىسىدا تىل، دىن، تارىخ، مەدەنىيەت ـ سەنئەت، ئۆرپ ـ ئادەت قاتارلىق مەدەنىي مىراسلىرىمىزنى پۈرپۈتۈن ھالدا ساقلاپ قېلىش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىشنى موھىم مەقسەتلىرىنىڭ بىرى قىلىدۇ ۋە بۇھەقتە پىلانلىق ھەم قەدەمباسقۇچلۇق ھالدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا تىرىشىدۇ؛

مىللىي قۇرۇلتىيىمىز ـ مىللىي داۋايىمىزغا ۋە كەلگۈسىدە ۋەتىنىمىزگە يارامىلىق ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش ئۈچۈن، چەتئەللەردە ياشاۋاتقان ياش ـ ئۆسمۈرلىرىمىزنى شەرت ـ شارائىتىمىز يارىبەرگەن دائىرە ئىچىدە تۈرلۈك مائارىپ ۋە ئىقتىسادىي ئىمكانلار بىلەن تەمىنلەشكە تىرىشىدۇ؛

12. مىللىي قۇرۇلتىيىمىز ـ بۇقېتىمقى قۇرۇلتاينىڭ مۇۋاپىقىيەتلىك چاقىرىلىشىغا ئالاھىدە كۈچ سەرىپ قىلغان ۋە قۇرۇلتايغا ساھىپخانلىق قىلغان « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » گە، « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » غا، شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » گە ۋە تۈركىيە، ئاۋۇستىرالىيە، ئامېرىكا، قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان، شۋېتسىيە، شۋېتسارىيە ۋە سەئۇدى ئەرەبىستان قاتارلىق دۆلەتلەردىكى تەشكىلات ۋە شەخسلىرىمىزگە ئالاھىدە رەخمەت ئېيتىدۇ!

## « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » دائىمىي كومىتېتى

1999 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ( گېرمانىيە ـ ميونخېن )

## باش ماقالە:

( بېشى 2 ـ بەتتە )

بىز دۇنيا مەملىكەتلىرى، ياۋرۇپا مەملىكەتلىرى، ئىسلامىي مەملىكەتلەر ۋە بارلىق دىندىكى دۇنيا مەملىكەتلىرى بىلەن تېنىچ، ئىناق بولۇپ ياشايمىز، ئېناق خوشنىدارچىلىقنى تىكلەشنى خالايمىز.بىزنىڭ مەقسىدىمىز ۋە مۇستەقىل داۋايىمىز دۇنيا خەلقىنىڭ مەنپەئەتى بىلەن بىر، ئۇنىڭ بىلەن زىت ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ئامېرىكا ۋە ياۋرۇپا باشچىلىقىدىكى ھۆر دۇنيا مەملىكەتلىرىنىڭ بىزنىڭ مۇستەقىللىق داۋايىمىزنى قوللىشىنى ئۈمۈت قىلىمىز.

قەدىرلىك ۋەتەنداشلار، 2 ـ قېتىملىق شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى دەل پەيتىدە ئېچىلدى. دۇنيا ھازىر 21 ـ ئەسىرگە قەدەم تاشلاش ئالدىدا تۇرۇپتۇ. 21 ـ ئەسىر — دۇنيادا ئىنسان ھەقلىرى، دېموكراتىيە ۋە ئۆز تەغدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقلىرىغا ھۆرمەت قىلىش تازا كۈچەيگەن بىر دەۋر بولىدۇ، بىزنىڭ شەرقىي تۈركىستان داۋايىمىزمۇ دەۋر بۆلگۈچ بىر باسقۇچقا يېتىپ كەلدى. بۇ ھەق، ئەركىنلىك، مۇستەقىللىق ھەرگىزمۇ باشقا تەرەپتىن ئېنئام قىلىنمايدۇ، بىز مىللىتىمىزنىڭ ھەق ـ ھوقۇقىنى پەقەتلا ھەممىمىز بىرلىشىپ، ئىتتىپاقلىشىپ قىلغان كۈرەشلىرىمىز نەتىجىسىدىلا قولغا كەلتۈرەلەيمىز.

يېڭى 21 ـ ئەسىر ئۇپۇقىنىڭ ئالتۇننۇرلىرى قىزىرىۋاتىدۇ، تاڭ ئېتىۋاتىدۇ. تۇرايلى! شۇ تاڭ قويىنىدا مۇستەقىللىقىمىزنىڭ ئۇلۇغ ئەيياملىرىنى كۈتۈپ ئالايلى! « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » ئاملىق بۇ باش شىتابىمىزنىڭ ئەتراپىغا بىر نىيەت، بىر مەقسەت بىلەن چىڭ ئۇيۇشۇپ، داۋايىمىزنى دۇنياغا يۇزلەندۈرۈپ، مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈن كۈرەش قىلايلى!

ياشىسۇن 2 ـ قۇرۇلتىيىمىزنىڭ جەڭگىۋار روھى!

ياشىسۇن ھۆر، ئازات، مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان!

« شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نەشر قىلدى

## خوتەننىڭ سىغىزكۆل يېزىسىدا قورشاۋ ئاستىدا قالغان مۇجاھىدلار خىتاي ساقچىلىرى بىلەن نەپىسىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر قاتتىق جەڭ قىلدى

ئۆزمۇخبىرىمىز ئۇچقۇننىڭ ۋەتەندىن بىۋاستە بەرگەن خەۋىرىنىڭ مەزمونىغا ئاساسلانغاندا، 1999 - يىلى 10 - ئاينىڭ 26 - كۈنى كېچە سائەت 11 دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، خوتەن ناھىيىسىنىڭ سىغىزكۆل يېزىسىدىكى بىر ئۆيدە يوشۇرۇنۇپ ياتقان 8 نەپەر مۇجاھىد ( بۇلارنىڭ 2 نەپىرى ئايال ) خىتاي ساقچىلىرى تەرىپىدىن سېزىلىپ قېلىپ قورشاۋ ئاستىدا قالغان. مۇجاھىدلار قاتمۇ - قات قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىش ئۈچۈن، ئۆزلىرى يەرلىك ئۇسۇلدا ياسىغان بومبىلارنى خىتاي ساقچىلىرىغا قارىتىپ ئېتىپ قاتتىق ئىركەشكەن، مۇجاھىتلار بىلەن خىتاي ساقچىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى قوراللىق توقۇنۇش توپ - توغرا 7 سائەت داۋام قىلغان. خىتاي ساقچىلىرىنىڭ مۇجاھىدلارنى قاتتىق ئوق يامغۇرىغا تۇتۇشى نەتىجىسىدە، قاراقاشلىق مۇجاھىد ئابدۇقادىر مەتىمىن ... قاتارلىق 3 نەپەر مۇجاھىدقا ئوق تېگىپ نەق مەيداندا مەرتلەرچە شېھىد بولغان ( شېھىت بولغان مۇجاھىدلارنىڭ بىر نەپىرى ئايال )، 4 نەپىرى ئېغىر يارىلىنىپ خىتاي ساقچىلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان، پەقەت بىر نەپەر مۇجاھىدلا قاتمۇ - قات قورشاۋنى ساق - سالامەت ھالدا بۆسۈپ چىقىپ قېچىپ كەتكەن.

بۇقېتىمقى جەڭدە شېھىت بولغان قاراقاشلىق 27 ياشلىق مۇجاھىد ئابدۇقادىر مۆتىمىن ھەققىدە خىتاي ساقچى دائىرىلىرى بۇيىل 9 - ئايدا پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان بويىچە تۇتۇش بۇيرۇقى چىقارغان ۋە بۇھەقتىكى خەۋەر « ئۇچقۇن » گېزىتىنىڭ ئۆتكەنكى سانلىرىدا تەپسىلى خەۋەر قىلىنغان ئىدى.

## خوتەندە 12 ياشلىق 4 نەپەر بالا ساقچىلار تەرىپىدىن قولغا ئېلىندى

ئۆزمۇخبىرىمىز ئۇچقۇننىڭ ۋەتەندىن بىۋاستە بەرگەن خەۋىرىگە قارىغاندا، يېقىندا خوتەندىكى ساقچى دائىرىلىرى، « قانۇنسىز ھالدا قۇرئان ياتلىغان » دېگەن تۆھمەت بىلەن خوتەن شەھرى شامالباغ يېزىسىدىكى 12 ياشلىق 4 نەپەر نارەسىدە بالىنى قولغا ئېلىپ تۈرمىگە تاشلىغان، ئوخشاش ياشتىكى يەنە بىربالا ساقچىلاردىن قورقۇپ قېچىپ كەتكىنى ئۈچۈن، ساقچى دائىرىلىرى بۇ بالىنىڭ ئاتا - ئانىسىنى تۇتۇپ ساقچى ئىدارىسىغا ئاپىرىپ، « بالاڭنى تېپىپ بەرمىسەڭ، بالاڭ تېپىلغىچە تۈرمىدە ياتىسەن » دەپ قاتتىق ئورۇپ قىيىنغان ۋە شۇ سولىغانچە قويۇپ بەرمىگەن.

نۆۋەتتە دۇنيا جامائەتچىلىكى ئىنسان ھەقلىرى مەسىلىسىدە خىتاي ھۆكۈمىتىنى ئىزچىل ھالدا قاتتىق ئەيىپلەپ كېلىۋاتقان بىرپەيتتە، خىتاي دائىرىلىرىنىڭ يەنە قانۇنى جاۋابكارلىق يېشىغا تولمىغان نارەسىدە بالىلارنىمۇ تۇتۇپ تۈرمىگە تاشلىغانلىقىدەك بۇ غەيرى ئىنسانى قىلمىشى، كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ھەقىقى ئەپتى - بەشىرىسىنى ئېنىق كۆرسۈتۈپ بەرمەكتە!

## مۇجاھىدلار پوسكامدا ساقچىخانىغا ھۇجۇم قىلدى

ئۆز مۇخبىرىمىز ئۇچقۇننىڭ ۋەتەندىن بىۋاستە بەرگەن خەۋىرىگە قارىغاندا، 1999 - يىلى 10 - ئاينىڭ 24 - كۈنى سانى نامەلۇم بولغان بىرگۇرۇپ قوراللىق مۇجاھىد پوسكام ناھىيىسىنىڭ سەيلى يېزىسىدىكى ساقچىخانىغا ( پەيچۇسو ) تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغان. مۇجاھىدلار تەرىپىدىن ساقچىخانىغا ئېتىلغان بومبا دەشەھەتلىك پارتىلاپ، نەق مەيداندىلا ساقچىخانىدىكى 2 نەپەر خىتاي ساقچىسى ئېغىر يارىلانغان، بومبىنىڭ كۈچىدە ساقچىخانا ھەش - پەش دېگۈچە كۆيۈپ كۈلگە ئايلانغان، مۇجاھىدلار يەنە ساقچىخانىنىڭ ئاپتوموبىلىنى پاچاقلاپ تاشلىغان، مۇجاھىدلار بىلەن ساقچىلار ئوتتۇرىسىدا يۈزبەرگەن قوراللىق توقۇنۇشتا بىرنەپەر مۇجاھىد بەختكە قارشى ئوق تېگىپ شېھىت بولغان.

ئۇندىن باشقا يەنە شۇكۈنى مۇجاھىدلار پوسكام ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىغا تەۋە بىر ئاپتوموبىلغا بومبا بىلەن تۇيۇقسىز زەربە بەرگەن، نەتىجىدە ئاپتوموبىل تامامەن پاچاقلاپ تاشلىنىپ، ئاپتوموبىلدىكى ئىككى نەپەر خىتاي ساقچى نەق مەيداندا ئۆلگەن، يەنە بىرگۇرۇپ مۇجاھىد پوسكام ناھىيىسىنىڭ باشقا ئىككى يېزىسىدىكى ساقچىخانىغىمۇ قوراللىق ھۇجۇم قىلىپ، ئىككىلا ساقچىخانىنى بومبا بىلەن بىلەن پارتىلىتىپ ئۆزلىۋەتكەن، پارتىلاش جەريانىدا ساقچىخانىدىكى بىرنەپەر خىتاي ساقچىسى نەق مەيداندا ئۆلگەن.

مۇخبىرىمىزنىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، ۋەقەدىن كېيىن، خىتاي ساقچى دائىرىلىرى پۈتۈن قەشقەر رايونىدا ئومۇمى يۈزلۈك ھالدا ئاختۇرۇپ تۇتۇش ھەرىكىتى قوزغىغان.

## قاراقاشتىكى ئويباغ مەسجىتىنىڭ ئىمامى مەسجىتتە كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىشنى رەت قىلغىنى ئۈچۈن قاتتىق جازالاندى

يېقىندا « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » تەرىپىدىن قولغا چۈشۈرۈلگەن خىتايچە « خوتەن گېزىتى » نىڭ 99 - يىلى 10 - ئاينىڭ 28 - كۈندىكى سانىغا، « كىم قانۇنسىز دىنى ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللانسا، شۇنى بىرتەرەپ قىلىمىز! » دېگەن ماۋزۇدا بىرپارچە ئالاھىدە خەۋەر بېسىلدى. مەزكۇر خەۋەردە بايان قىلىنىشىچە، خىتاي دائىرىلىرى خوتەن ۋىلايىتىگە تەۋە قاراقاش ناھىيىسىنىڭ قاراقاش بازىرى 16 - كەنت ئويباغ مەسجىتىنىڭ ئىمامى مەمەت ئېلىنى مەسجىتتە جامائەتكە خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىشقا قىستىغان بولسىمۇ، ئەمما ۋىجدانلىق بۇ ئىمام خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تەلىۋىنى رەت قىلغان، نەتىجىدە خىتاي دائىرىلىرى مەمەت ئېلىگە يوقىلاڭ تۆھمەتلەرنى چاپلاپ، ئۇنىڭغا ئىقتىسادى جەھەتتىن ئېغىر جازا بېرىش بىلەن بىرگە، ئۇنى ئىماملىقتىن ئېلىپ تاشلىغان.

« خوتەن گېزىتى » گە بېسىلغان مەزكۇر ماقالىنىڭ بىر ئابزاسىدا تەيىنەن مۇنداق دەپ بايان قىلىنغان:

« تەكشۈرۈش جەريانىدا مەمەت ئېلى دىنى ۋەزىپە ئۆتەش مەزگىلىدە پارتىيىنىڭ دىنى سىياسەتلىرىنى ۋە قانۇن - قائىدىلىرىنى ئۆگەنمىگەن، تەشۋىق قىلمىغان، ئىجرا قىلمىغان، دىنىي باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ بېسىپ تارقاتقان بەلگىلىمىلىرىنى كۆرسىمۇ كۆرمەسلىككە سالغان، مۇناسىبەتلىك تارماقلار دىنى زاتلارغا سىياسى ئۆگىنىش ئورۇنلاشتۇرغاندا ۋە تەربىيلەش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارغاندا ئۇ قاتناشمىغان، ناھىيىلىك بىرلىكسەپ، دىنى باشقۇرۇش ئورۇنلىرىنىڭ ۋە ۋىلايەت، ناھىيە رەھبەرلىرىنىڭ كۆپ قېتىم تەنقىت - تەربىيىسىنى ئاڭلىمىغان، يەنە جەمىيەتتىكى سالاھىيتى ئېنىق بولمىغان كىشىلەرنى ئويباغ مەسجىتىدە تۇرغۇزغان، مېھراپتىن پايدىلىنىپ دىنى ئەسەبى ئىدىيەنى تەرغىپ قىلغان. ئويباغ مەسجىدى مىللى بۆلگۈنچى ۋە قانۇنسىز دىنى پائالىيەتلەرنىڭ ئۇۋىسىغا ئايلانغان. قاراقاش ناھىيىسىنىڭ، شۇنداقلا خوتەن ۋىلايىتىنىڭ مۇقىملىقىغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزىدىغان خەۋپلىك مەسجىت بولۇپ قالغان. مەمەت ئېلىنىڭ يۇقارقى قانۇنسىز قىلمىشلىرىغا ئاساسەن، ئۇنى دىنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش، ئىقتىسادى جەھەتتىن ئېغىر جازا بېرىش قارار قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئويباغ مەسجىتىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى بىرتەرەپ قىلىش قارار قىلىندى ».

ھۆرمەتلىك ۋەتەنداشلار، يۇقارقى خەۋەرنى ئوقۇش ئارقىلىق بىز، كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستاندىكى دىنى ساھەگە قارىتىۋاتقان بېسىمىنىڭ نەقەدەر قاتتىق ئىكەنلىكىنى روشەن كۆرۈۋالالايمىز. خىتاي دائىرىلىرى دىنى ئېتىقات ھەققىدە ئۆزىنىڭ ئاساسى قانونىدا ۋە ئۆزى چىقارغان « مىللى تېرىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانونى » دا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بەلگىلىمىلەرنى ئوچۇق - ئاشكارە ھالدا دەپسەندە قىلىش بىلەن بىرگە، ھەتتا خىتاينىڭ قانۇن دائىرىسى ئىچىدە نورمال دىنى پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان دىنى زاتلىرىمىزغا ۋە مەسجىتلەرگىمۇ كوممۇنىستىك ئىدېئولوگىيەنى مەجبۇرى ھالدا سىڭدۈرۈشكە ئۇرۇنغان، بۇۋەقە - شەرقىي تۈركىستاندا ئىنسانى ھەق - ھوقۇقلارنىڭ نەڭ ئېغىر دەرىجىدە دەپسەندە قىلىنىۋاتقانلىقىنىڭ روشەن ئىپادىسىدىن ئىبارەت، خالاس!

## خوتەندىكى پارتىزانلىق ئۇرۇشدا 4 مۇجاھىد شېھىت بولدى

ئۆزمۇخبىرىمىز ئۇچقۇننىڭ ۋەتەندىن بىۋاستە يوللىغان دەسلەپكى ئاخباراتىغا ئاساسلانغاندا، 1999 - يىلى 10 - ئاينىڭ 27 - كۈنى خوتەن ناھىيىسىنىڭ يېڭى ئاۋات، ئىسلامئاۋات، سىغىزكۆل يېزىلىرىدا شىرئەل باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر پارتىزانلار گۇرۇپپىسى بىلەن خىتاي ساقچىلىرى ئوتتۇرىسىدا شىددەتلىك قوراللىق توقۇنۇش يۈزبەرگەن، توقۇنۇش جەريانىدا 4 نەپەر مۇجاھىتقا ئوق تېگىپ شېھىت بولغان، بەختكە يارىشا پارتىزانلارنىڭ رەھبىرى كۈرەش ساق - سالامەت ھالدا قېچىپ قۇرتۇلغان، خىتاي دائىرىلىرى بۇقېتىمقى ۋەقەنى ئىنتايىن مەخپى تۇتقاچقا، توقۇنۇشتا خىتاي ساقچىلىرىدىن قانچىلىك چىقىم بولغانلىقى تېخى ھازىرغىچە نامەلۇم بولماقتا.

كۆپچىلىككە مەلۇم بولسا كېرەك، شىرئەلى باشچىلىقىدىكى پارتىزانلار گۇرۇپپىسى پىرئايدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان خوتەننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپ، پۇرسەت تاپقان ھامان خىتاي ساقچىلىرىغا قوراللىق زەربە بېرىپ كەلمەكتە، گەرچە بۇجەرياندا ئۇلار بىرقانچە قېتىملاپ قاتمۇ - قات قورشاۋ ئاستىغا چۈشۈپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما ھازىرغا قەدەر قولغا چۈشمەي باتۇرلارچە كۈرەش قىلىپ كەلمەكتە. بۇھەقتە سىزلەرگە يەنە داۋاملىق مەلۇمات بېرىشقا تىرىشىمىز.

« شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نەشر قىلدى

## ئاقسۇدا 10 نەپەر ئۇيغۇرغا جازا ھۆكۈم قىلىندى

« شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » تەرىپىدىن قولغا چۈشۈرگەن « شىنجاڭ قانۇنچىلىق گېزىتى » نىڭ 1999 - يىلى 10 - ئاينىڭ 12 - كۈندىكى سانىدا خەۋەر قىلىنىشىچە، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسى ئوچۇق سوت يىغىنى ئېچىپ، نەمەت داۋۇت، تۇنىياز روزى، مېھرىبان توختى ( ئايال )، تۇردى مەمەت، ئاسىيەم شەمسى، تۇرسۇن مامۇت، سالاھىدىن ياسىن قاتارلىق 7 نەپەر ئۇيغۇرنى « زوراۋان تېرورىسنى ئۇزۇن مۇددەت يوشۇرغان، قورال ۋە ئوق - دورا ساقلىغان، ئوق - دورا خامنەشياسىنى ياسىغان، قولىغا پىچاق ئېلىپ ساقچىلارنى قوغلىغان ... » دىگەندەك تۆھمەتلەر بىلەن تۈرلۈك قاماق جازالىرىغا ھۆكۈم قىلغان.

يۇقارقى گېزىتنىڭ خەۋرىگە قارىغاندا، ئىمىن ھاشىم ئىسىملىك ئۇيغۇر 1997 - يىلى 8 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئاقسۇنىڭ ئايكۆل بازار قاراتاغ رايونىدا 5 نەپەر خىتاي ئاقفۇننى ئۆلتۈرۈۋېتىپ قېچىپ كەتكەن، ئىمىن ھاشىم بىرىلدىن ئارتۇق يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپ ئاخىرى 98 - يىلى 11 - ئاينىڭ 14 - كۈنى خىتاي ساقچىلارنىڭ قورشاۋى ئاستىغا چۈشۈپ قېلىپ، ساقچىلار بىلەن جەڭ قىلىش جەريانىدا ئوق تېگىپ شېھىت بولغان.

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بايان قىلىشىچە، يۇقۇرىدا ھۆكۈمگە ئېلان قىلىنغانلار ئەنەشۇ ئىمىن ھاشىمنى ئۇزۇن مۇددەت يوشۇرغانمىش. ئەمما، خىتاي دائىرلىرىنىڭ تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرۈپ مانا مۇشۇنداق يالغان - ياۋىداق تۆھمەتلەر بىلەن بىگۇناھ ئىنسانلارنى قولغا ئېلىپ تۈرمىلەرگە تاشلىشى ۋە ناھەق ھالدا ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىشى شەرقىي تۈركىستاندا ئادەتتىكى بىر ئىشقا ئايلىنىپ قالدى، بۇخىل ئەھۋاللار، مەركىزى لوندوندىكى « خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى » نىڭ بۇيىلىنىڭ باشلىرىدا مەخسۇس شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە ئېلان قىلغان 92 بەتلىك ئومومىي دوكلاتىدىمۇ ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان ئىدى.



## خوتەن شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ ئىچكى ھۆججىتىدىن تەرمىلەر

« شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » تەرىپىدىن يېقىندا قولغا چۈشۈرۈلگەن خوتەن شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ بىر ئىچكى خەۋەرنامىسىدا ئەينەن مۇنداق دېيىلگەن:

**1. لوپ ناھىيىسىدىن قانۇنسىز بومبا ياسىغان ئېزىزۇللاھ نۇرئەخمەت بىلەن ئابلەت تۇتۇلدى؛**

**2. خوتەن شەھەرلىك پاختا يىغىۋېلىش ئورنىدىن ئۆزى ياسىغان قارارلىق پارتلايدىغان 2 بومبا تېپىلدى، بۇ دېلو ھازىر تەكشۈرۈلمەكتە، شۇقاتاردا مەمەت ئابدۇللا، راخمان، خېلىل قاتارلىق 500 ئادەم قولغا ئېلىندى؛**

**3. خوتەن شەھرىدىن تېپىلغان ئۆزى يەرلىك ئۇسولدا ياسىغان ھەرخىل بومبا 1000 دىن ئېشىپ كەتتى؛**

بىز،خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ خەۋەرنامىسىدا بايان قىلىنغان ۋەقەلەردىن شۇ نۇقتىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىزكى، بىرىنچىدىن، خوتەن رايونىدا خىتاي دائىرلىرىنىڭ ھېچقانداق دەلىل - ئىسپاتسىز، پەقەتلا گۇمان بىلەن ئۇيغۇرلارنى قارا - قويۇق كوللىكتىپ ھالدا تۇتقۇن قىلىش ئەھۋاللىرى تازا ئەۋجىگە چىققان، بۇنىڭغا يۇقارقى خەۋەرنامىدا بايان قىلىنغان 2 - ۋەقە تولۇق ئىسپات بولالايدۇ، چۈنكى خىتاي دائىرلىرى نامەلۇم كىشىلەر تەرىپىنى خوتەن ناھىيىلىك پاختا يىغىۋېلىش ئورنىغا يوشۇرۇپ قويۇلغان 2 بومبىنى تېپىۋالغان ۋە بۇ بومبىلارنى يوشۇرغان كىشىلەرنى تېپىش ئۈچۈن، ھېچبىر دەلىل - ئىسپاتسىزلا 500 دىن ئارتۇق كىشىنى قولغا ئالغان، بۇ، كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ، « مىڭنى ناھەق تۇتۇلسا - تۇتۇلسۇنكى، بىرسىمۇ قېچىپ كەتمىسۇن » دەيدىغان مەنتىقىسىنىڭ مەھسۇلىدۇر، چۈنكى 500 ئادەمنىڭ بىرلا ۋاقىتتا 2 دانە بومبىنى يوشۇرۇپ قويۇشى ھېچبىر مەنتىقىغە توغرا كەلمەيدۇ! ئىككىنچىدىن، خىتاي دائىرلىرىنىڭ خوتەن رايونىدا يۈرگۈزىۋاتقان چېكىدىن ئاشقان غەيرى ئىنسانى قىلمىشى، تەبئى ھالدا يەرلىك خەلقنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىگە بولغان غەزەپ - نەپرىتىنى ۋە قارشىلىقىنى قوزغىغان، بولۇپمۇ خىتاي ھۆكۈمىتىگە قارشى قوراللىق ھەرىكەتلەر تارىختا ھېچ كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە كۆچەيگەن، بۇنىڭغا يۇقارقى خەۋەرنامىدىكى 3 - ۋەقە تولۇق ئىسپات بولالايدۇ، چۈنكى پەقەت خوتەن شەھرىنىڭ ئۆزىدىلا يەرلىك ئۇسولدا ياسالغان مىڭدىن ئارتۇق بومبىنىڭ بايقىلىشى، خوتەن رايونىنىڭ سىياسى ۋەزىيىتىنىڭ نەقەدەر جىددى بىر ۋەزىيەتكە يەتكەنلىكىنى روشەن ھالدا كۆرسىتىپ بەرمەكتە.

## خوتەن رايونىدا قىزىل تېرورلۇق ھۆكۈم سۈرمەكتە

2 - دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە گېرمانىيە ناتسىت ئارمىيىسىنىڭ ئىشغال ئاستىدىكى ئەللەر خەلقلىرىگە قارىتا يۈرگۈزگەن فاشىستىك ياۋۇز قىلمىشلىرى، نۆۋەتتە خىتاي دائىرلىرى تەرىپىدىن شەرقىي تۈركىستاننىڭ خوتەن رايونىدا ئەينەن ئىجرا قىلىنماقتا.

ئۆزمۇخبىرىمىز ئۇچقۇننىڭ 10 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ۋەتەندىن بىۋاستە بەرگەن مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، ھازىر خىتاي ساقچى دائىرلىرى خوتەن رايونىدىكى ھەممە يول ئېغىزلىرىغا تەكشۈرۈش پونكىتلىرىنى قۇرۇۋېلىپ، خوتەن ۋىلايىتىگە كىرىپ - چىققان ھەرقانداق ئۇيغۇرنىڭ ئۇستى - بېشىنى ۋە ئېلىپ ماڭغان يۈك - تاقلىرىنى قانۇنسىز ھالدا ئاختۇرىدىغان بولۇۋالغان ۋە ئېتىراز بىلدۈرگەنلەرنى ھامان شۇيەردىلا قولغا ئېلىپ ئۇرۇپ - سوقۇپ قاتتىق قىينىغان، بولۇپمۇ خوتەن خەلقىنىڭ قاتتىق غەزەپ - نەپرىتىنى قوزغىغىنى شۇ بولغانكى، خىتاي ساقچىلىرى ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئۇستى - بېشىنى ئاختۇرۇش جەريانىدا ئاياللارغا پوخورلۇق ۋە ئەدەپسىزلىك قىلىپ، ئۇيغۇر ئاياللىرىنى ئەرلىرىنىڭ باللىرىنىڭ كۆزئالدىدا تۇرغۇزۇپلا ئېغىر دەرىجىدە ھاقارەتلىگەن. بولۇپمۇ بۇخىل ئەھۋاللار نىيە، گۇما، چىرىيە ناھىيىلىرىدىكى تەكشۈرۈش پونكىتلىرىدا ئىنتايىن ئېغىر بولغان، خىتاي ساقچى دائىرلىرىنىڭ بۇخىل زوراۋانلىقى تۈپەيلىدىن، كۆپلىگەن دېھقانلار نەچچە 10 كىلومېتىرلىق يولنى بىھۇدە بېسىپ، تەكشۈرۈش پونكىتلىرىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈشكە مەجبۇر قالغان. خوتەندە بۇخىل قىلمىشقا قاتتىق نارازى بولغان يەرلىك ئامما، « بۇنداق ۋەقەلەرنى بۇرۇن بىز پەقەت كىنولاردىلا كۆرگەن ئىدۇق، ئەمدى بولسا بۇ ئىشلار بىزنىڭ بېشىمىزغا كەلدى » دېيىشكەن.

## خوتەندە 15 ياشلىق ئاينۇر ياسىن قولغا ئېلىندى

ئۆزمۇخبىرىمىز ئۇچقۇننىڭ 10 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ۋەتەندىن بىۋاستە يوللىغان ئاخباراتىغا ئاساسلانغاندا، يېقىندا خوتەن شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسى، خوتەن شەھەرلىك 3 - ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇقسىز 3 - يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى 15 ياشلىق ئاينۇر ياسىننى، « ئەكسىيەتچىل شوئار چاپلىغان » دىگەن سەۋەپ بىلەن قولغا ئالغان. مۇخبىرىمىزنىڭ خوتەن شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ ئىچكى ھۆججىتىگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ بايان قىلىنىشىچە، ئاينۇر ياسىن ئەتىگەنلىك چېنىقىش ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ خوتەن شەھەرلىك تۈرلۈك ماللار شىركىتىنىڭ ئالدى تېمىغا بىرقانچە قېتىم « ئەكسىيەتچىل » شوئار چاپلىغان، شوئار چاپلاش ۋەقەسىدىن كېيىن، خوتەندىكى ساقچى دائىرلىرى شەھەر بويىچە 450 نەپەر « گۇمانلىق » ئادەمنىڭ خەت پوچىركىسىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئاخىرى 15 ياشلىق ئاينۇر ياسىننى، « پوچىركىسى ئەكىيەتچىل شوئارنىڭ پوچىركىسىغا ئوخشايدىكەن » دىگەن گۇمان بىلەن قولغا ئالغان. مۇخبىرىمىزنىڭ ئىگەللىشىچە، ئاينۇر ياسىن ھازىرغا قەدەر خوتەن شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىدا قاماقلىق ئىكەن.

# خوتەننىڭ سېغىزكۆل يېزىسىدا قورشاۋ ئاستىدا قالغان مۇجاھىدلار خىتاي ساقچىلىرى بىلەن ئەپسىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر قاتتىق جەڭ قىلدى

ئۆزمۇخبىرىمىز ئۇچقۇننىڭ ۋەتەندىن بىۋاستە بەرگەن خەۋىرىنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسلانغاندا، 1999 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى كېچە سائەت 11 دىن 30 مىنوت ئۆتكەندە، خوتەن ناھىيىسىنىڭ سېغىزكۆل يېزىسىدىكى بىر ئۆيدە يوشۇرۇنۇپ ياتقان 8 نەپەر مۇجاھىد ( بۇلارنىڭ 2 نەپىرى ئايال ) خىتاي ساقچىلىرى تەرىپىدىن سېزىلىپ قېلىپ قورشاۋ ئاستىدا قالغان. مۇجاھىدلار قاتمۇ ـ قات قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىش ئۈچۈن، ئۆزلىرى يەرلىك ئۇسۇلدا ياسىغان بومبىلارنى خىتاي ساقچىلىرىغا قارىتىپ ئېتىپ قاتتىق ئىركەشكەن، مۇجاھىتلار بىلەن خىتاي ساقچىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى قوراللىق توقۇنۇش توپ ـ توغرا 7 سائەت داۋام قىلغان، خىتاي ساقچىلىرىنىڭ مۇجاھىدلارنى قاتتىق ئوق يامغۇرىغا تۇتۇشى نەتىجىسىدە، قاراقاشلىق مۇجاھىد ئابدۇقادىر مەتىمىن ... قاتارلىق 3 نەپەر مۇجاھىدقا ئوق تېگىپ نەق مەيداندا مەرتلەرچە شېھىد بولغان ( شېھىت بولغان مۇجاھىدلارنىڭ بىر نەپىرى ئايال )، 4 نەپىرى ئېغىر يارىلىنىپ خىتاي ساقچىلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان، پەقەت بىر نەپەر مۇجاھىدلا قاتمۇ ـ قات قورشاۋنى ساق ـ سالامەت ھالدا بۆسۈپ چىقىپ قېچىپ كەتكەن.

بۇقېتىمقى جەڭدە شېھىت بولغان قاراقاشلىق 27 ياشلىق مۇجاھىد ئابدۇقادىر مۇتىمىن ھەققىدە خىتاي ساقچى دائىرلىرى بۇيىل 9 ـ ئايدا پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان بويىچە تۇتۇش بۇيرۇقى چىقارغان ۋە بۇھەقتىكى خەۋەر « ئۇچقۇن » گېزىتىنىڭ ئۆتكەنكى سانلىرىدا تەپسىلى خەۋەر قىلىنغان ئىدى.

# خوتەندە 12 ياشلىق 4 نەپەر بالا ساقچىلار تەرىپىدىن قولغا ئېلىندى

ئۆزمۇخبىرىمىز ئۇچقۇننىڭ ۋەتەندىن بىۋاستە بەرگەن خەۋىرىگە قارىغاندا، يېقىندا خوتەندىكى ساقچى دائىرلىرى، « قانۇنسىز ھالدا قۇرئان ياتلىغان » دىگەن تۆھمەت بىلەن خوتەن شەھرى شامالباغ يېزىسىدىكى 12 ياشلىق 4 نەپەر نارسىدە بالىنى قولغا ئېلىپ تۈرمىگە تاشلىغان، ئوخشاش ياشتىكى يەنە بىر بالا ساقچىلاردىن قورقۇپ قېچىپ كەتكىنى ئۈچۈن، ساقچى دائىرلىرى بۇ بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى تۇتۇپ ساقچى ئىدارىسىغا ئاپىرىپ، « بالاڭنى تېپىپ بەرمىسەڭ، بالاڭ تېپىلغىچە تۈرمىدە ياتىسەن » دەپ قاتتىق ئۇرۇپ قىينىغان ۋە شۇ سولىغانچە قويۇپ بەرمىگەن.

ئۆۋەتتە دۇنيا جامائەتچىلىكى ئىنسان ھەقلىرى مەسىلىسىدە خىتاي ھۆكۈمىتىنى ئىنرچىل ھالدا قاتتىق ئەيىپلەپ كېلىۋاتقان بىرپەيتتە، خىتاي دائىرلىرىنىڭ يەنە قانۇنى جاۋاپكارلىق يېشىغا تولمىغان نارسىدە باللارنىمۇ تۇتۇپ تۈرمىگە تاشلىغانلىقىدەك بۇ غەيرى ئىنسانى قىلمىشى، كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ھەقىقى ئەپتى ـ بەشىرىسىنى ئېنىق كۆرسۈتۈپ بەرمەكتە!

# مۇجاھىدلار پوسكامدا ساقچىخانىغا ھۇجۇم قىلدى

ئۆز مۇخبىرىمىز ئۇچقۇننىڭ ۋەتەندىن بىۋاستە بەرگەن خەۋىرىگە قارىغاندا، 1999 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى سانى نامەلۇم بولغان بىرگۇرۇپ قوراللىق مۇجاھىد پوسكام ناھىيىسىنىڭ سەيلى يېزىسىدىكى ساقچىخانىغا ( پەيچۇسو ) تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغان. مۇجاھىدلار تەرىپىدىن ساقچىخانىغا ئېتىلغان بومبا دەشھەتلىك پارتىلاپ، نەق مەيداندىلا ساقچىخانىدىكى 2 نەپەر خىتاي ساقچىسى ئېغىر يارىلانغان، بومبىنىڭ كۈچىدە ساقچىخانا ھەش ـ پەش دىگۈچە كۆيۈپ كۈلگە ئايلانغان، مۇجاھىدلار يەنە ساقچىخانىنىڭ ئاپتوموبىلىنى پاچاقلاپ تاشلىغان، مۇجاھىدلار بىلەن ساقچىلار ئوتتۇرىسىدا يۈزبەرگەن قوراللىق توقۇنۇشتا بىرنەپەر مۇجاھىد بەختكە قارشى ئوق تېگىپ شېھىت بولغان.

ئۇندىن باشقا يەنە شۇكۈنى مۇجاھىدلار پوسكام ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىغا تەۋە بىر ئاپتوموبىلغا بومبا بىلەن تۇيۇقسىز زەربە بەرگەن، نەتىجىدە ئاپتوموبىل تامامەن پاچاقلاپ تاشلىنىپ، ئاپتوموبىلدىكى ئىككى نەپەر خىتاي ساقچى نەق مەيداندا ئۆلگەن، يەنە بىرگۇرۇپ مۇجاھىد پوسكام ناھىيىسىنىڭ باشقا ئىككى يېزىسىدىكى ساقچىخانىغىمۇ قوراللىق ھۇجۇم قىلىپ، ئىككىلا ساقچىخانىنى بومبا بىلەن بىلەن پارتىلىتىپ ئۆزلۈۋەتكەن، پارتىلاش جەريانىدا ساقچىخانىدىكى بىرنەپەر خىتاي ساقچىسى نەق مەيداندا ئۆلگەن.

مۇخبىرىمىزنىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، ۋەقەدىن كېيىن، خىتاي ساقچى دائىرلىرى پۈتۈن قەشقەر رايونىدا ئومۇمى يۈزلۈك ھالدا ئاختۇرۇپ تۇتۇش ھەرىكىتى قوزغىغان.

# قاراقاشتىكى ئويباغ مەسجىتىنىڭ ئىمامى مەسجىتتە كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىشنى رەت قىلغىنى ئۈچۈن قاتتىق جازالاندى

يېقىندا « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » تەرىپىدىن قولغا چۈشۈرۈلگەن خىتايچە « خوتەن گېزىتى » نىڭ 99 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈندىكى سانىغا، « كىم قانۇنسىز دىنى ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللانسا، شۇنى بىرتەرەپ قىلىمىز! » دىگەن ماۋزۇدا بىرپارچە ئالاھىدە خەۋەر بېسىلدى. مەزكۇر خەۋەردە بايان قىلىنىشىچە، خىتاي دائىرلىرى خوتەن ۋىلايىتىگە تەۋە قاراقاش ناھىيىسىنىڭ قاراقاش بازىرى 16 ـ كەنت ئويباغ مەسجىتىنىڭ ئىمامى مەمەت ئېلىنى مەسجىتتە جامائەتكە خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىشقا قىستىغان بولسىمۇ، ئەمما ۋىجدانلىق بۇ ئىمام خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تەلىۋىنى رەت قىلغان، نەتىجىدە خىتاي دائىرلىرى مەمەت ئېلىگە يوقىلاڭ تۆھمەتلەرنى چاپلاپ، ئۇنىڭغا ئىقتىسادى جەھەتتىن ئېغىر جازا بېرىش بىلەن بىرگە، ئۇنى ئىماملىقتىن ئېلىپ تاشلىغان.

« خوتەن گېزىتى » گە بېسىلغان مەزكۇر ماقالىنىڭ بىر ئابزاسىدا ئەينەن مۇنداق دەپ بايان قىلىنغان:

« تەكشۈرۈش جەريانىدا مەمەت ئېلى دىنى ۋەزىپە ئۆتەش مەزگىلىدە پارتىيىنىڭ دىنى سىياسەتلىرىنى ۋە قانۇن ـ قائىدىلىرىنى ئۆگەنمىگەن، تەشۋىق قىلمىغان، ئىجرا قىلمىغان، دىنى باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ بېسىپ تارقاتقان بەلگىلىمىلىرىنى كۆرسىمۇ كۆرمەسلىككە سالغان، مۇناسىبەتلىك تارماقلار دىنى زاتلارغا سىياسى ئۆگىنىش ئورۇنلاشتۇرغاندا ۋە تەربىيىلەش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارغاندا ئۇ قاتناشمىغان، ناھىيىلىك بىرلىكسەپ، دىنى باشقۇرۇش ئورۇنلىرىنىڭ ۋە ۋىلايەت، ناھىيە رەھبەرلىرىنىڭ كۆپ قېتىم تەنقىت ـ تەربىيىسىنى ئاڭلىمىغان، يەنە جەمىيەتتىكى سالاھىيىتى ئېنىق بولمىغان كىشىلەرنى ئويباغ مەسجىتىدە ئولتۇرغۇزغان، مېھراپتىن پايدىلىنىپ دىنى ئەسەبى ئىدىيەنى تەرغىپ قىلغان. ئويباغ مەسجىدى مىللى بۆلگۈنچى ۋە قانۇنسىز دىنى پائالىيەتلەرنىڭ ئۇۋىسىغا ئايلانغان. قاراقاش ناھىيىسىنىڭ، شۇنداقلا خوتەن ۋىلايىتىنىڭ مۇقىملىقىغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزىدىغان خەۋپلىك مەسجىت بولۇپ قالغان. مەمەت ئېلىنىڭ يۇقارقى قانۇنسىز قىلمىشلىرىغا ئاساسەن، ئۇنى دىنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش، ئىقتىسادى جەھەتتىن ئېغىر جازا بېرىش قارار قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئويباغ مەسجىتىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى بىرتەرەپ قىلىش قارار قىلىندى ».

ھۆرمەتلىك ۋەتەنداشلار، يۇقارقى خەۋەرنى ئوقۇش ئارقىلىق بىز، كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستاندىكى دىنى ساھەگە قارىتىۋاتقان بېسىمىنىڭ نەقەدەر قاتتىق ئىكەنلىكىنى روشەن كۆرۈۋالايمىز. خىتاي دائىرلىرى دىنى ئېتىقات ھەققىدە ئۆزىنىڭ ئاساسى قانونىدا ۋە ئۆزى چىقارغان « مىللى تېرىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانونى » دا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بەلگىلىمىلەرنى ئوچۇق ـ ئاشكارە ھالدا دەپسەندە قىلىش بىلەن بىرگە، ھەتتا خىتاينىڭ قانۇن دائىرىسى ئىچىدە نورمال دىنى پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان دىنى زاتلىرىمىزغا ۋە مەسجىتلەرگىمۇ كوممۇنىستىك ئىدىلوگىيەنى مەجبۇرى ھالدا سىڭدۈرۈشكە ئۇرۇنغان، بۇۋەقە ـ شەرقىي تۈركىستاندا ئىنسانى ھەق ـ ھوقۇقلارنىڭ نەقەدەر ئېغىر دەرىجىدە دەپسەندە قىلىنىۋاتقانلىقىنىڭ روشەن ئىپادىسىدىن ئىبارەت، خالاس!

# خوتەندىكى پارتىزانلىق ئۇرۇشدا 4 مۇجاھىد شېھىت بولدى

ئۆزمۇخبىرىمىز ئۇچقۇننىڭ ۋەتەندىن بىۋاستە يوللىغان دەسلەپكى ئاخباراتىغا ئاساسلانغاندا، 1999 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى خوتەن ناھىيىسىنىڭ يېڭى ئاۋات، ئىسلامئاۋات، سېغىزكۆل يېزىلىرىدا شىرئەل باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر پارتىزانلار گۇرۇپپىسى بىلەن خىتاي ساقچىلىرى ئوتتۇرىسىدا شىددەتلىك قوراللىق توقۇنۇش يۈزبەرگەن، توقۇنۇش جەريانىدا 4 نەپەر مۇجاھىتقا ئوق تېگىپ شېھىت بولغان، بەختكە يارىشا پارتىزانلارنىڭ رەھبىرى كۆرەش ساق ـ سالامەت ھالدا قېچىپ قۇرتۇلغان، خىتاي دائىرلىرى بۇقېتىمقى ۋەقەنى ئىنتايىن مەخپى تۇتقاچقا، توقۇنۇشتا خىتاي ساقچىلىرىدىن قانچىلىك چىقىم بولغانلىقى تېخى ھازىرغىچە نامەلۇم بولماقتا.

كۆپچىلىككە مەلۇم بولسا كېرەك، شىرئەلى باشچىلىقىدىكى پارتىزانلار گۇرۇپپىسى بىرئايدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان خوتەننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپ، پۇرسەت تاپقان ھامان خىتاي ساقچىلىرىغا قوراللىق زەربە بېرىپ كەلمەكتە، گەرچە بۇجەرياندا ئۇلار بىرقانچە قېتىملاپ قاتمۇ ـ قات قورشاۋ ئاستىغا چۈشۈپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما ھازىرغا قەدەر قولغا چۈشمەي باتۇرلارچە كۆرەش قىلىپ كەلمەكتە. بۇھەقتە سىزلەرگە يەنە داۋاملىق مەلۇمات بېرىشقا تىرىشىمىز.

1999 - يىلى 11 - ئاي
31 - سان

گېرمانىيىدە نەشر قىلىندى
Eastern Turkistan
Information Center


# ئۇچقۇن


شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللى قۇرۇلتىينىڭ ئورگان گېزىتى

ھەپتىلىك سىياسىي - ئىلمىي
گېزىت

گېزىتىمىز 1999 - يىلى
3 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن
ئېتىبارەن نەشر قىلىنماقتا


## خىتاي ھۆكۈمىتى خوتەن رايونىغا « بېكتۇەن » نىڭ بىر دىۋىزىيەسىنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ھازىرلانماقتا

ئۈزمۇخبىرىمىز ئۇچقۇننىڭ ۋەتەندىن بىۋاستە يوللىغان خەۋىرىك مەزمۇنىغا ئاساسلانغاندا، نۆۋەتتە خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاننىڭ خوتەن رايونىغا ئاتالمىش « ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بېكتۇەنى » نىڭ بىر دىۋىزىيە ئاھالىسىنى يۆتكەپ كېلىپ ئورۇنلاشتۇرۇشقا ھازىرلانغان. ( تەپسىلى مەزمۇنى 3 - بەتتە )

## خىتاي ھۆكۈمىتى « فالۇنگوڭ » غا قاراتقان چەكلەش تەدبىرلىرىنى شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىغا قارىتا يۈرگۈزۈشكە باشلىدى

## خوتەندە 6 مەسجىدنىڭ ئىمامى قولغا ئېلىندى

ئۈزمۇخبىرىمىز ئۇچقۇننىڭ 11 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ۋەتەندىن بىۋاستە يوللىغان خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، كوممۇنىست خىتاي دائىرىلىرى يېقىنقى مەزگىللەردىن بۇيان خوتەن رايونىدا يەرلىك خەلقنىڭ كوممۇنىستىك خىتاي ھاكىمىيىتىگە قارشى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان قوراللىق كۈرەشلىرىنى باھانە قىلىپ، رەسمى ھۆججەتلىرىدە مۇقەددەس ئىسلام دىنىنى بىرقانچە يىل بۇرۇن خىتايدا بىر سۇنايچى خىتاي تەرىپىدىن قۇرۇلغان « فالۇنگوڭ » تەرىقىتىگە ئوخشاتقان ۋە مەركىزى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ « فالۇنگوڭ » مەزھىپىنى چەكلەش توغرىسىدا چىقارغان ھۆججىتىنى ئەينەن كۆچۈرۈپ كېلىپ، خوتەن رايونىدىكى دىنى ساھەگە قارىتا ئىجرا قىلىشقا باشلىغان. ( داۋامى 4 - بەتتە )

## « شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللى قۇرۇلتىيى » نىڭ رەئىسى ئەنۋەرجان، « ياۋروپا بىخەتەرلىك ۋە ھەمكارلىق يىغىنى » دىن ئىنسان ھەقلىرى مەسىلىسىدە خىتايغا قاتتىق بېسىم ئىشلىتىشنى تەلەپ قىلدى

ئۈزمۇخبىرىمىز خەۋىرى: مۇشۇ ئاينىڭ 17 - كۈنى مەركىزى ئورگىنى گېرمانىيەنىڭ ميونخېن شەھىرىدىكى « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللى قۇرۇلتىيى » نىڭ رەئىسى ئەنۋەرجان، نۆۋەتتە تۈركىيەنىڭ ئىستامبۇل شەھىرىدە ئېچىلىۋاتقان « ياۋروپا بىخەتەرلىك ۋە ھەمكارلىق يىغىنى » غا مىللى قۇرۇلتاي نامىدىن ئالاھىدە مەكتۇپ يوللاپ، بۇقېتىمقى يىغىنغا قاتنىشىۋاتقان ھەرقايسى ئەللەر رەھبەرلىرىدىن، ئىنسان ھەقلىرى مەسىلىسىدە خىتاي ھۆكۈمىتىگە يەنىمۇ كۈچلۈك ھالدا بېسىم ئىشلىتىشنى تەلەپ قىلدى. ( خەۋەرنىڭ داۋامى 3 - بەتتە )

## قەشقەردە 40 ياشتىن تۆۋەن بولغان خوتەنلىكلەرنى تۇتۇش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرۈلدى

ئۈزمۇخبىرىمىز ئابدۇللا پامىرنىڭ ۋەتەندىن بىۋاستە بەرگەن خەۋىرىنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسلانغاندا، 1999 - يىلى 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، قەشقەر شەھەرلىك ساقچى باشقارمىسى خوتەن تەۋەسىدىن كەلگەن 40 ياشتىن تۆۋەن ھەرقانداق ئۇيغۇرنى تۇتۇپ سوراق قىلىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرگەن، ئەتىسىدىن ئېتىبارەن قەشقەردىكى ساقچى دائىرىلىرى خوتەن رايونىغا كىرىپ - چىقىدىغان بارلىق يول ئېغىزلىرىنى قاتتىق قامال قىلىپ، خوتەندىن قەشقەر تەۋەسىگە كىرگەن ئۇيغۇرلارنى تەكشۈرۈشكە باشلىغان. يەنە بىر تەرەپتىن ساقچى دائىرىلىرى خوتەنلىك ياشلارنى « ئۇۋلاش » مەقسىدىدە قەشقەر شەھىرىدىكى بارلىق مېھمانخانا ۋە ياتاقلاردا چوڭ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ۋە 9 - ئاينىڭ 4 - كۈنى قەشقەر شەھەر ئىچى خام بازىرىدىكى كىرىيەلىك قاسىم ھاجىمنىڭ مېھمانخانىسىدىن 13 نەپەر خوتەنلىك ئۇيغۇر ياشنى تۇتۇپ، ئۇلارنى قەشقەر ۋىلايەتلىك ساقچى باشقارمىسىغا ئېلىپ كەتكەن.

## « شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللى قۇرۇلتىيى ۋە « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » نىڭ ۋەكىللىرى فرانسىيەدە جاڭ زېمىنغا قارشى بىرلەشمە نامايىشقا قاتناشتى (مەزمۇنى 2 - بەتتە)






« شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نەشر قىلدى

# « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » ۋە « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » نىڭ ۋەكىللىرى فىرانسىيەدە جاڭزېمىنغا قارشى بىرلەشمە نامايىشقا قاتناشتى

ئۆز مۇخبىرىمىز ئۆمەرجان ئىمىن خەۋەر قىلىدۇ: مەركىزى ئورگىنى گېرمانىيەنىڭ ميونخېن شەھىرىدە بولغان « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » بىلەن « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » نىڭ رەھبەرلىرى گېرمانىيەدىن بىرقىسىم ئۇيغۇرلارنى باشلاپ فىرانسىيەگە بېرىپ، بۇيىل 10 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن 24 - كۈنىگىچە فىرانسىيەنىڭ لىئون، پارىژ قاتارلىق شەھەرلىرىدە خىتاينىڭ دۆلەت رەئىسى جاڭ زېمىنىنىڭ فىرانسىيەگە زىيارەتكە كەلگەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن نارازىلىق نامايىشلىرىغا قاتناشتى.



ئالدى بىلەن 10 - ئاينىڭ 22 - كۈنى « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » نىڭ بىر گۇرۇپ ئەزالىرى، ياشلار قۇرۇلتىيى ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسى دولقۇن ئەيسانىڭ يېتەكچىلىكىدە گېرمانىيەنىڭ ميونخېن شەھىرىدىن فىرانسىيەنىڭ ئۈچىنچى چوڭ شەھىرى « لىئون » گە يېتىپ بېرىپ، تىبەت، ئىچكى موڭغۇلىستان ۋە دېموكراتىك خىتاي تەشكىلاتلىرى بىلەن بىرلىكتە « لىئون » دىكى « مەتبۇئات سارىيى » نىڭ ئالدىدا خىتايغا قارشى چوڭ كۆلەملىك بىرلەشمە نامايىش ئۆتكۈزدى. بۇقېتىمقى نامايىشقا يۇقارقى تەشكىلاتلار ۋە ئۇلارنىڭ فىرانسىيەدىكى يەرلىك خەلقتىن تەشكىل تاپقان قوللىغۇچىلىرىدىن بولۇپ جەمئىي 2 مىڭغا يېقىن كىشى قاتناشتى. نامايىشچىلارنىڭ خىتاي دىكتاتورىسى جاڭزېمىنغا قارشى توۋلىغان شۇئارلىرى « مەتبۇئات سارىيى » نىڭ ئالدىنى زىل - زىلىغا سالغان ئىدى. ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغان مەيدان ئىچىدە ئۆزىنىڭ ئاي - يۇلتۇزلۇق بايرىقى ۋە كۆركەم مىللىي كىيىملىرى بىلەن چەتئەل مۇخبىرلىرىنىڭ دىققەت - ئېتىۋارىغا سازاۋەر بولغان ئۇيغۇر نامايىشچىلىرى، مۇستەبىت خىتاي ھاكىمىيىتىگە قارشى شۇئارلار يېزىلغان ھەرخىل لوزۇنكا ۋە تاختىلارنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، خىتايغا قارشى تەشۋىقات ۋاراقلىرىنى تارقىتىپ ۋە جەڭگىۋار شۇئارلارنى توۋلاپ، ئۇيغۇرلارنىڭ كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىگە بولغان چەكسىز ئۆچمەنلىكىنى تولۇق ئىپادىلىدى.

ئۇندىن باشقا يەنە ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ رەئىسى ۋە 30 يىللىق ھاياتىنى خىتاينىڭ قاراڭغۇ زىندانلىرىدا ئۆتكۈزگەن ئاتاغلىق جامائەت ئەربابىمىز ھەم مەشھۇر تارىخچىمىز ھاجى ياقۇپ ئانات ئەفەندىمۇ نامايىشنىڭ ئۈنجى كۈنىدىن ئېتىبارەن ياشلار قۇرۇلتىيى تەرىپىدىن تەشكىللەنگەن نامايىشچىلار سېپىدا يەر ئالغان ئىدى. نامايىش جەريانىدا ھاجى ياقۇپ ئەپەندى ئۇيغۇرلارغا ۋاكالىتەن بىرقانچە قېتىم ئالاھىدە نۇتۇق سۆزلەپ، شەرقىي تۈركىستان، تىبەت، ئىچكى موڭغۇلىستان ۋە دېموكراتىك خىتاي تەشكىلاتلىرىنىڭ ئەزالىرىدىن تەركىب تاپقان نامايىشچىلارغا ۋە نامايىشلارنى كۆزەتكەن يەرلىك خەلققە، ئۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئىنسانىي ھەق - ھوقۇقلىرىنىڭ كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن قاتتىق ئاياق - ئاستى قىلىنىۋاتقانلىقىنى ئەمەلىي مىساللار بىلەن جانلىق ۋە تەسىرلىك شەكىلدە بايان قىلىپ، نامايىشقا قاتناشقۇچىلارنىڭ ۋە چەتئەللىكلەرنىڭ ئۇيغۇر خەلقىگە بولغان ئالاھىدە ھېسداشلىقىنى قوزغىدى.

10 - ئاينىڭ 23 - كۈنى « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » نىڭ ئەزالىرىدىن تەشكىل تاپقان نامايىشچىلىرىمىز، خىتاي رەئىسى جاڭ زېمىنىنىڭ فىرانسىيە پرېزىدېنتى شىراكنىڭ تۇغۇلغان يۇرتى « BREVE » دىكى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىنغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئارقىسىدىن قوغلاپ « BREVE » گە يېتىپ بېرىپ شىراكنىڭ سارىيىنىڭ ئەتراپىنى چۆرۈدەپ ئورۇنلىشىپ، بۇ يەردىمۇ بىر نامايىش سېپى ھاسىل قىلىپ، خىتايغا قارشى ئۈنلۈك ھالدا شۇئار توۋلاپ ۋە تەشۋىقات ۋاراقلىرىنى تارقىتىپ، ئۇيغۇر داۋاسىنى « BREVE » خەلقىگە ئاڭلاتتى. نامايىشچىلارنىڭ ھەيۋىتىدىن قورققان جاڭزېمىن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى سارايدىن چىقىشقا جۈرئەت قىلالمىدى.

10 - ئاينىڭ 24 - كۈنى، بۇقېتىمقى مارافۇنچە نامايىشنىڭ 3 - كۈنى « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » ۋەكىللىرى فىرانسىيەنىڭ پايتەختى پارىژغا يېتىپ كېلىپ، پارىژنىڭ پۈتۈن دۇنياغا مەشھۇر باستىللىيە مەيدانىدا جاڭزېمىنغا قارشى نامايىش قىلىش ئۈچۈن يىغىلغان بىرقانچە يۈز كىشىلىك نامايىشچىلار سېپىگە قوشۇلۇپ، بۇ يەردىمۇ چوڭ كۆلەملىك نامايىش ئۆتكۈزدى.

10 - ئاينىڭ 24 - كۈنى، « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » نىڭ باش كاتىپى « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » نىڭ رەئىسى ئەسقەرجانمۇ، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى فىرانسىيە شۆبىسى ۋە فىرانسىيەدىكى تىبەت تەشكىلاتلىرىنىڭ تەكلىۋىگە ئاساسەن، شۇكۈنى پارىژدا ئۆتكۈزۈلىدىغان جاڭ زېمىنغا قارشى نامايىشقا قاتنىشىش ئۈچۈن بىر گۇرۇپ ئۇيغۇرنى باشلاپ گېرمانىيەدىن ئالاھىدە پارىژ شەھىرىگە كېلىپ، بۇيەردىكى نامايىشچىلىرىمىزنىڭ سېپىگە قوشۇلدى. ئۇيغۇر نامايىشچىلار باستىللىيە مەيدانىدا ئۆتكۈزۈلگەن ھەيۋەتلىك نامايىش جەريانىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنسان ھەقلىرىنىڭ دەپسەندە قىلىنىۋاتقانلىقى توغرىسىدا كەڭ - كۆلەمدە تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، چەتئەل مۇخبىرى ۋە ئاممىسىنىڭ ئۇيغۇرلارغا بولغان قىزىقىشىنى ۋە ھېسداشلىقىنى قولغا كەلتۈردى.

شۇكۈنى مىللىي قۇرۇلتىيىمىزنىڭ باش كاتىپى ئەسقەرجان نامايىشقا قاتنىشىشتىن بۇرۇن ئالدى بىلەن « خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى فىرانسىيە شۆبىسى » نىڭ پارىژدىكى ئىشخانىسىنى زىيارەت قىلىپ، بۇيەردە « خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى فىرانسىيە شۆبىسى » نىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرىغا شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى سىياسىي ۋەزىيىتى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بەردى. كۆرۈشۈش جەريانىدا فىرانسىيەدىكى خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ مەسئۇللىرىمۇ بۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى يەنىمۇ كۈچەيتىدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ باشقۇرۇۋاتقان تۈرلۈك مەتبۇئات ۋاستىلىرى ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى فىرانسىيە خەلقىگە ئاكتىپ شەكىلدە تەشۋىق قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.



سۈرەتتە: « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسى دولقۇن ئەيسا ( ئوڭدا ) ۋە ياشلار قۇرۇلتىيى فوندى رەئىسى ئابلىكىم خوتەن ( سولدا ) بۇقېتىم پارىژدا ئۆتكۈزۈلگەن نامايىش جەريانىدا فىرانسىيە ساقچىسى بىلەن سۆھبەتلەشمەكتە.

# « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » نىڭ باش كاتىبى ئەسقەرجاننىڭ مىللىي قۇرۇلتايدا قىلغان ئېچىلىش نۇتقى

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم كۆپ مۆھتەرەم ۋە كىللەر، ئەزىز مېھمانلار، ئالدى بىلەن مەن، بۇقېتىمقى مىللىي قۇرۇلتىيىمىزنىڭ رەسمىي ئېچىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەش بىلەن بىرگە، سىزلەرنىڭ ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي، ھېرىش - چارچاشقا قارىماي قۇرۇلتىيىمىزغا قاتنىشىش ئۈچۈن گېرمانىيەگە كەلگەنلىكىڭىزلەر ئۈچۈن سىزلەرگە ئالاھىدە رەخمەت ئېيتىمەن! شۇنداقلا قۇرۇلتاي تەييارلىق كومىتېتىنىڭ رەئىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، بۇقېتىمقى قۇرۇلتاينىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چاقىرىلىشى ئۈچۈن كۆپ ھەسسە قوشقان « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » گە، « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » گە ۋە « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » غا ئالاھىدە رەخمەت ئېيتىمەن! شۇنى مەمنۇنىيەت بىلەن تىلغا ئېلىپ ئۆتمەكچىمەنكى، قۇرۇلتاي ھارپىسىدا، بۇ 3 تەشكىلات ئۆزئارا ناھايىتى ياخشى ماسلىشىپ، بىر - بىرى بىلەن ئىناق ۋە ئىتتىپاق بولۇپ، قۇرۇلتاينىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلىدى، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ مەن سىزلەرنىڭ ھوزۇرىڭىزلاردا « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نىڭ رەئىسى ئابدۇجېلىل قاراقاشقا، « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسى دولقۇن ئەيساغا، ئابلىكىم خوتەن ۋە ئاكام ئەنۋەرجانلارغا ۋە قۇرۇلتايغا ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ياردەم بەرگەن گېرمانىيەدىكى بارلىق يۇرتداشلىرىمغا قۇرۇلتاي نامىدىن ئالاھىدە تەشەككۇر بىلدۈرىمەن! ئەگەر ئۇلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى ياردىمى بولمىغان بولسا ئىدى، بۈگۈنكى قۇرۇلتايمۇ ئېچىلمىغان بولاتتى.

ئەمدى مەقسەتكە كەلسەك، بىزنىڭ مەقسىدىمىز ھەرگىزمۇ قۇرۇلتاي ئېچىپ سىزلەرنى بۇيەرگە چاقىرىپ دىدارلىشىپ، مېھمانلىشىپلا تارقىتىۋېتىش ئەمەس. ئەلۋەتتىكى بۇقېتىمقى قۇرۇلتىيىمىزنىڭ بىر مەقسىدى ۋە غايىسى بار.

مىللىي داۋايىمىز بىر كىشى ۋە يا بىر قانچە كىشىنىڭلا ھوددىسىدىن چىقالايدىغان بىر ئىش ئەمەس. مىللىي كۈرەشىمىزگە ھەممىمىز ئىنگە چىقىشىمىز، ئۆزئارا سەممىي بولۇشىمىز. ۋەتىنىمىزنىڭ ۋە خەلقىمىزنىڭ مەنپەئەتلىرىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىشىمىز. بۇ يولدا ھەر ۋاقىت ماددىي ۋە مەنىۋى پىداكارلىقتىن قاچماسلىقىمىز، ۋاقتى كەلگەندە مېلىمىزنى. قېنىمىزنى. ھەتتاكى جېنىمىزنى بۇ داۋاغا پىدا قىلىشقا تەييار بولۇشىمىز كېرەك. قاچانكى بىز بۇ شەرتلەرنى ئورۇنلىغان چېغىمىزدا، ۋەتىنىمىزنىڭ ئازاتلىق يولى ئېچىلغان بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مىللىتىمىزنىڭ ھەر بىر ئەپرىنىڭ مەسئۇلىيتى ناھايىتى چوڭ ۋە ھەر - بىرىمىز ئۈستۈمىزگە چۈشكەن ۋەزىپىنى تولۇق ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئادا قىلىشىمىز كېرەك. شۇ ۋاقىتتا بىزگە ھېچ بىر دۈشمەنىنىڭ( ئىچىمىزدىكى ۋە تىشىمىزدىكى ) كۈچى يەتمەيدۇ ۋە ئۇيغۇر مىللىتى مەدىنى دۇنيادىكى ئۆزىگە ياراشقان يېرىنى قىسقا بىر زاماندا ئىگەللەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەممىمىز ناھايىتى ھوشيار بولۇپ، ناھايىتى پىداكارلىق بىلەن ئىشلىشىمىز ۋە پۈتۈن كۈچىمىزنى. دىققىتىمىزنى. پىكرىمىزنى، ئەۋلاتلىرىمىزنى ۋە ھەتتا جېنىمىزنى بۇ مىللىي كۈرەش يولىدا پىدا قىلىشتىن قورۇقماسلىقىمىز كېرەك. بولمىسا بىز يەنە بىر دۇنيادا خۇدايىمنىڭ ئالدىدا جاۋاپ بېرىش مەجبۇرىيتىدە قالىمىز.

مېنىڭچە بۇ قېتىمقى قۇرۇلتىيىمىزنىڭ ئۇتۇغلۇق ئېچىلىشى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئۈستىگە ئالغان ۋەزىپىلىرىنى. پۇروگراممىلىرىنى تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تۆۋەندىكى بەش نەرسىگە ئېھتىياجىمىز بار :

( 1 ) يېتىشكەن خادىملار؛

( 2 ) يېتەرلىك ئىقتىسات؛

( 3 ) ئىتتىپاقچىلىق؛

( 4 ) خالىس نىيەت؛

( 5 ) ئىنتىزامچانلىق ۋە پىلان - پۇروگراما؛

يۇقارقى بەش نەرسىدىن بىرى كام بولۇپ قالسا ئىشىمىز دىگەندەك راۋاج تاپمايدۇ ۋە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئازاتلىق كۈرۈشى زەربە يەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەممىمىز ناھايىتى سەگەك ۋە ھوشيار بولۇپ. بىر - بىرىمىزنى رەنجىتمەسلىكىمىز. پىلانلىق ۋە ئىنتىزاملىق ھالدا ئىش قىلىشىمىز، سەممىي ۋە تەنپەرۋەرلىك بىلەن ئابرويپەرەسلىكنى ئاجرىتىۋېلىشىمىز .كۈچىمىزنى بىر - بىرىمىزگە ئەمەس ، دۈشمەنگە قارشى ئىشلىتىشىمىز كېرەك. ئەلۋەتتە بۇ بەش شەرتنىڭ ھەر - بىرى ئورۇندىغلى بولمايدىغان شەرتلەر ئەمەس . بۇ، ئۆزىمىزنىڭ غەيرىتىگە، ۋەتىنىمىزنى، مىللىتىمىزنى ھەقىقەتەن چىن كۆڭلىمىزدىن سۆيىدىغان - سۆيمەيدىغانلىقىمىزغا، شۇنداقلا قانچىلىك پىداكارلىق كۆرسىتەلەيدىغانلىقىمىزغا ۋە قۇربان بېرەلەيدىغانلىقىمىزغا باغلىق. يۇقاردىكى شەرتلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ موھىمى - ھازىرقى مەزگىلدە ئىقتىساد بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. يېتەرلىك ئىقتىساد بولماستىن تولۇق ئىش ئېلىپ بېرىشىمىز مۇمكىن ئەمەس، ۋەتەن سىرتىدا بۇ داۋانى ئېلىپ بېرىۋاتقان شەخس ۋە تەشكىلاتلار ئاراسىدا ئىستانبولدىن ئۈچ ۋە ئامېرىكىدىن بىر كىشىنىڭ سىرتىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز ئىمكانلىرى بىلەن ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ ۋەتەن - مىللەت خىزمىتىنى ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ، يەنى ھېچ بىرىمىز ھەركۈنى 8 ۋە ياكى 10 سائىتىمىزنى كەسپى بىر شەكىلدە بۇ مىللىي كۈرۈشىمىزگە ئاجرىتالمايۋاتىمىز. ئۇيغۇرلار بار ھەر دۆلەتتىن ئەڭ ئاز بولغاندا ئىككى كىشى بۇ داۋانى كەسپى ۋەزىپە سۈپىتى بىلەن ئېلىپ بارالايدىغان بولسا .مىللىي كۈرۈشىمىز خېلىلا تەرەققى قىلاتتى . ئازاتلىق كۈرۈشىمىزنىڭ ۋاقتى قىسقىراتتى.

مېنىڭچە تاشقى دۇنيادا تارقىلىپ ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلاردا ئىقتىساد يوق ئەمەس، لېكىن ئىمىشقىكىن بىز بۇ ئىقتىسادنى بىر يەرگە يىغىپ، ۋەتىنىمىز ۋە خەلقىمىز ئۈچۈن ئىشلىتەلمەيۋاتىمىز .بۇنىڭدا ئەلۋەتتە رەھبەرلىرىمىزنىڭمۇ خاتاسى بار دەپ ئويلايمەن، ئەمما خەلقىمىزمۇ يېتەرلىك دەرىجىدە پىداكارلىق قىلمايۋاتىدۇ. داستىخان سېلىشتا، ئۆي سېلىشتا . ماشىنا ئېلىشتا . توي قىلىشتا ۋە تۈر تاللىشتا بىر - بىرسى بىلەن بەسلەشكەندەك . ۋەتىنىمىزنىڭ ئازاتلىق كۈرۈشىدە ھەم شۇنداق بەسلىشىپ. رىقابەتلىشىپ ، بۇ داۋايىمىزنى ئىقتىسادى جەھەتتىن كۆتۈرۈشىمىز كېرەك . ئوتتۇرا ئاسىيادا ( قازاغىستان . قىرغىستان . ۋە ئۆزبېكىستانلاردا ) بىر مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇر بار دەيمىز ، يىلدا بىر دوللاردىن بەرسەڭلار . بىر مىليون دوللار بولىدۇ شۇنىڭ بىلەنلا بىزنىڭ ئىقتىسادى مەسىلىمىز ھەل بولىدۇ . ئەگەر بىز ئۆزىمىزنى « مەن ئۇيغۇر » دەپ تۇرۇپ ، ئەزىز ۋەتىنىمىزنىڭ ئېچىنىشلىق قان يىغلاپ تۇرغان ۋەزىيىتىنى كۆرۈپ تۇرۇپ .كۈندە، ئايدا ئەمەس ، يىلدا بىر دوللارنى مۇشۇ داۋاغا ئاجرىتالمىساق، ئۇچاغدا بىز، ئەبەدى مۇستەملىكە بولۇپ ۋە دۇنيانىڭ ئەڭ مىسكىن بىر مىللىتى بولۇپ بۇ دۇنيادىن ئۆتۈشنى ئۆزىمىز قوبۇل قىلغان ۋە ئەسلىمىزنىڭ تۆگەپ كېتىشىگە ھەسسە قوشقان بولىمىز ، بۇنى ئۇنتۇپ قالمايلى ! ۋەتەن ئۈچۈن خەجلىمىگەن پۇلنىڭ . ۋەتەن ئۈچۈن ئىشلىمىگەن ئادەمنىڭ . ۋەتەن ئۈچۈن ئاقمىغان قاننىڭ بىزلەرگە كېرىگى يوق دەپ ئويلايمەن!

ئەزىز يۇرتداشلار، ئالدىمىزدىكى پۇرسەتتىن ناھايىتى ئوبدان پايدىلىنايلى! قىلىنغان ئەمگەكلەر. خەجلەنگەن پۇللار، ۋەتەن - مىللەت يولىدا كۆيۈپ - پىشىپ پىدا بولغان ئەزىزجانلار. مىللىتىمىزنىڭ ئۈمۈتلىرى ۋە بىر يەرگە كەلگەن پىكىرلەر بىكارغا كەتمىسۇن .زىيان بولمىسۇن.ھەممىمىزنىڭ ۋىژدانىنى ئويغاتسۇن! كېلىڭلار ، ھەممىمىز مۇشۇ قۇرۇلتاينى ھەر جەھەتتىن قوللايلى ! داۋايىمىز . ئۆمرىمىز. ۋاقتىمىز بۇنىڭدىن كېيىن مەجلىس ئېچىش بىلەن ئۆتمىسۇن! قول - قولچە. ھەر بىرىمىز ئۆزىمىزنىڭ قابىلىيتى بويىچە ۋەزىپە ئېلىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ ئازاتلىقى ۋە شانلىق تارىخقا ئىگە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ دۇنيا سەھنىسىگە چىقىشى ئۈچۈن بىر كىشىلىك خىزمىتىمىزنى قاتايلى! ئۇيغۇر داۋاسىغا خىزمەت قىلىش غايىسى بىلەن قۇرۇلىۋاتقان ئالىي بىر ئورگاننىڭ سىرتىدا قېلىپ ئۇنىڭغا چالما ئاتمايلى ! ئۇنى يوق قىلىشقا ئىرىشمايلى ! بەرى - بىر يوق قىلالمايسىلە ! خەلقىمىزمۇ ھەر زامان ھوشيار تۇرۇپ، بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق زىيانلىق ھەركەتلەرگە يول قويماسلىغى كېرەك!

بىز ئۇيغۇر مىللىتى 200 يىلدىن ئوشۇقراق بىر زاماندىن بۇيان ئاسارەت ئاستىدا باشقا مىللەتلەرگە بېقىندە بولۇپ ياشاپ كېلىۋاتىمىز. بۇجەرياندا بارلىق ئىنسانى ھەق - ھوقۇقلىرىمىز ۋە خىسلەتلىرىمىز ئېغىر دەرىجىدە ئاياق - ئاستى قىلىنىپ كەلدى، بىزلەرنىڭ ئەمدى بۇنىڭغا تاقىتىمىز قالمىدى ، بۇنداق مىسكىن ياشىغىنىمىزدىن ياشىمىغىنىمىز تىخىمۇ ئەۋزەلرەك !

ھەممىمىز ئويلاپ باقايلى، بېشىمىزدىن ئۆتكەن پالاكەتلەر ۋە كۆرۈۋاتقان غەيرى ئىنسانى قىسمەتلەر يېتەرلىك ئەمەسمۇ؟ بىز ئىمىشقا ھېس - تۇيغۇسىز . پالەك .كۆر . گاچا ۋە روھسىز بولۇپ قالدۇق؟ « بۇ ۋەزىيەتمۇ ئەمدى ئۆتۈپ كېتەر » دەيدىغان بوشاڭلىق چاغلىرىمىز ئۆتۈپ كەتتى .بىز ئۇيغۇرنەسلى، ئاشۇ ۋەتەننىڭ پۇشتى ۋىژدانىمىز بىلەن ئويلىساق، بۇنىڭدىن كېيىن بىكارغا ئۆتكۈزىدىغان بىر مىنۇتمۇ ۋاقتىمىز يوق .تاقىتىمىز يوق، چۈنكى سەۋرى - تاقىتىمىز قالمىدى!

ئەزىز يۇرتداشلار، بىز تارىختا بېشىمىزدىن كۆپ ئىش ئۆتكەن.ياتلارنىڭ تەسرىگە ئېغىر ئۇچراپ، ھەرخىل ئېقىم .ئىدىيە .ئاڭ .كۆزقاراشلاردىكى ياشاش ئۇسۇلىغا دۇچار بولغان بىر مىللەت مىز، شۇنداقلا، ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ قانچە ئويىنى ئۆپ .ئات چاپتۇرۇپ ھۆكۈم سۈرگەن ئاشۇ دەۋردىكى تومۇردا ئاققان قان ئۈزۈلۈپ قالماي يەنە ھازىرقى ئەۋلاتلىرىنىڭ تومۇرىدا دەۋر قىلىپ .ئۆزىمىزنى ساقلاپ قېلىپ. داۋايىمىزنى بۈگۈنگىچە داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان بىر مىللەتمىز! ھازىر بىز ھەل قىلغۇچ بىر باسقۇچتا تۇرۇۋاتىمىز، مېنىڭ ئىشەنچىم شۇكى .بىز چوقۇم 21 - ئەسىردە ھۆر ۋە مۇستەقىل بىر دۆلەت بولۇپ دۇنيا سەھنىسىگە قايتا كېلىمىز .ئۇيغۇر مىللىتى ئەلۋەتتە ئۆز دۆلىتىنى قۇرىدۇ .ئۆز بايرىقىنى تىكلەيدۇ ۋە تارىختا بولغىنىدەك، دۇنيا مەدىنىيىتىگە ئۆز ھەسسىسىنى قېتىپ .ئىنسانلىقتا بولغان ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىدۇ .لېكىن ناھايىتى قاتتىق ئىشلىشىمىز .ناھايىتى ئوبدان تەييارلىق قىلىشىمىز .پۇرسەتلەردىن ئوبدان پايدىلىنىپ .دۇنيا سىياسى ۋەزىيىتىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ .ئىتتىپاقلىق ئاساسىدا ھەر تۈرلۈك پىداكارلىقلارنى قىلىشقا .قۇربان بېرىشكە تەييار بولىشىمىز كېرەك، شۇ ۋاقىتتا ۋەتىنىمىز چوقۇم ئازات بولىدۇ، ھېچقانداق بىر كۈچ بۇ مىللەتنىڭ ئازات بولىشىنىڭ ئالدىنى ئالالمايدۇ!

بىز ئۆزىمىز شۇنىڭغا تەييار بولايلى ۋە ئىشىنەيلىكى، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مىللىي ئازاتلىق كۈرىشى ھېچبىر زامان توختاپ قالمايدۇ، بۇ كۈرەش تاكى مۇستەقىل بولغىنىمىزغا قەدەر قەتئى تۈردە داۋاملىشىدۇ! .شۇ كۈنلەرنى .كۈرەشلەرنى جانابى ئاللاھ ھەممىمىزگە قىسقا بىر ۋاقىت ئىچىدە ئېسىپ قىلسۇن!

ئاخىرىدا، بۇقېتىمقى مىللىي قۇرۇلتىيىمىزنىڭ ئۇتۇغلۇق ئۆتكۈزۈلۈشىنى تىلەيمەن ۋە ھەممىڭىزلارغا مۇۋەپپەقىيەتلەر تىلەيمەن!

1999 - يىلى 10 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ( گېرمانىيە - مىيونخېن )

« شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نەشر قىلدى

